
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

## 新疆人大

**2001·12**





9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماجيەنگو شىنجاڭ خەلق سارىيىدا نىگېرىيە ئاۋام پالاتاسى ئامموۋى ھېسابات كومىتېتى ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.

## باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلىۋاتقان قاغىلىق

## ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1981 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 25 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 15، خەنزۇ 10.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە قىلىشى ۋە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلدى. تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.



دائىمىي كومىتېت مۇدىرى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى خۇدابەردى ئىسمايىل




دائىمىي كومىتېت يەنزىسىنىڭ خىزمەت يىغىنى



مۇدىر خۇدابەردى ئىسمايىل ناھىيىلىك پارتكومغا بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىيازدىكى بىرا، بازارلارنىڭ تۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرمەكتە



دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەرنى ئاقتاش تەرەققىيات رايونىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى

لياۋ زۇفۇ فوتوسى



بۇ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خ ق دائىمىي كومىتېتى بېكىتكەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە كادىرلىرىدىن قانۇن ئىمتىھانى ئالدى

مايىلك فوتوسى

# دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئۈچۈن يول ھازىرلايلى

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن دوھا يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش يولىدىكى 15 يىللىق تىرىشچانلىقى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تۈزۈلمىسىگە تولۇق كىرگەنلىكىدىن، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش بىر خۇشاللىق ئىش، ئۇ بىزنى كۆپ جەھەتتە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بولۇپمۇ نىسبەتەن ئارقىدا قالغان شىنجاڭ قاتارلىق غەربىي رايوندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەرقىنى ئىمكانقەدەر كىچىكلىتىشكە ھەتتا شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشقا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ بىر يۈرۈش پىششىق ئىش قائىدىسى بولۇپ، بىزنى ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ بىر ئاساسىي تەلىپى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمەت بولۇشتىن ئىبارەت، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قەتئىي تۈردە قانۇن، قائىدىلەر بويىچە ئىش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت جەمئىيەتتىكى رولىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرىكى بازاردىكى ھەممە ئىشقا ئارىلىشىشتەك مىكرولۇق باشقۇرۇشتىن قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىدىغان ماكرولۇق تەڭشەش، تىزگىنلەش ۋە بازارغا مۇلازىمەت قىلىشقا ئۆتۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىش قائىدىسى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغىمۇ زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىنىڭ WTO نىڭ كېلىشىمى بىلەن بىردەك بولۇشىنى، قانۇن، تۈزۈملەرنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشنى؛ ئالاقىدار قانۇن، تۈزۈملەرنىڭ بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مېخانىزم ئورنىتىپ، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى بىر تۇتاش، ئادىل، مۇۋاپىق ئىجرا قىلىشنى؛ ئەدلىيىلىك قاراپ چىقىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشتا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت خىرىسقا سەگەكلىك بىلەن تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاندىن پايدىلىق ئىشلارنى يولغا قويۇپ، زىيانلىق ئىشلارنى تۈگىتىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش داۋامىدا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ۋە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى زور ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشىغا، ئىقتىسادنى بىۋاسىتە باشقۇرۇشتىن ۋاسىتىلىك باشقۇرۇشقا ئۆتۈشىگە، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ نامۇۋاپىق قوللاش تەدبىرىنى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۈرلۈك كارخانىلارغا ئادىل، باراۋەر رىقابەتلىشىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشىگە ياردەم بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى؛ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرى تۈزۈلگەن نىزام ۋە قائىدىلەرنى ئېنىقلاپ ۋە تۈزىتىپ، ئۇنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىش قائىدىسى بىلەن بىردەك قىلىشىغا، مۇناسىپ نىزام بولمىغانلىرىدا چىڭ تۇتۇپ نىزام تۈزۈشىگە ياردەم بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى؛ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشىغا، ئىلگىرىكىدەك مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىماسلىق، مەمۇرىيەت بىلەن كەسىپنى ئايرىماسلىقنى، بازارنى ئېچىۋېتىشكە ۋە ئادىل رىقابەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان شۇنىڭدەك ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈك رول ئوينىيالمايدىغان مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان ئەھۋالنى قەتئىي تۈگىتىپ، ھەقىقەتەن ساقلاپ قېلىشقا توغرا كەلسە، نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەستىقلاش رەسمىيىتىنى تىرىشىپ ئازايتىپ، تەستىقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېڭى تەلەپ قويۇلىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىش قائىدىسى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتكەن ۋە ياخشىلىغاندىلا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتىغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

( ئايلىق ژۇرنال )

( 月刊)

( ئومۇمىي 225 - سان )

2001 - يىل 12 - سان

( 21 - يىل نەشرى )

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت، نۇرگۈل كېرەم

## ھەر ساندا بىر نىزام

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى » نى يولغا قويۇش چارىسى ........................ ( 4 )

## خىزمەت تەتقىقاتى

ئىچكىرىق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ........................ ئېزىز توختى ( 9 )

پاي چېكى بازارلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەر ۋە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى توغرىسىدا ....... ئالىم قادىر ( 13 )

نازارەتچىلىك سالمىقى زورايتىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارلاق ئوبرازى نۇرلاندۇرۇلدى ........................ ئىدرىس قادىر ( 17 )

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قارشى ئاۋاز بېرىشىگە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك ........................ ( 22 )

## قانۇن تەتقىقاتى

قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى رولى ........................ ئىسمائىل ھاجى ( 23 )

## مۇلاھىزە

پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ........................ جياڭ يۇمنۇېن ( 27 )

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

« بىزگە گەپ كېرەك ئەمەس، ئەپ كېرەك » ........................ ئەسقەر مەمتىمىن ( 32 )

## خەۋەرلەر

يوپۇرغا ناھىيىسىدە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى نۇۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى قاتارلىق توققۇز پارچە خەۋەر ........................ ( 34 )

## قانۇن مەسلىھەتچىسى

ماڭا قايتۇرۇلغان دۇكاننى ئىجارىگە بەرسەم بولامدۇ ؟ ........................ ( 40 )

## باشلامچىلار

دۆلەتخان روزى خەلق ئامىسىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى ........................ ( 41 )

## تارىختىن سۆز

قەشقەردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ........................ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ( 42 )

## دىيلو مىسالى

پۇل بۇلاش ئۈچۈن قاتىللىق قىلغان بالىلار ........................ ۋۇشياڭفەن ( 46 )

## دۇنياغا نەزەر

ئىتالىيە پارلامېنتىنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرتىپى ........................ ۋەن چىڭاڭ ( 48 )

## ئۆگىنىش

كومپارتىيىگە مەڭگۈ ئەگىشىپ ماڭىمەن ........................ ئوبۇل قاسىم تۇراق ( 54 )

## ئەتىرگۈل

رۇبائىيلار ........................ ھوشۇر ئابدۇللا ( 55 )

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تېكىستى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033/ D - W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58 پوچتا نومۇرى: 830000

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 - قورۇ

تېلېفون: 4828065 ئارقىلىق 61203 ، 61208

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى » نى يولغا قويۇش چارىسى

( 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 - يىغىنىدا ماقۇللاندى )

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

( 33 - 9 )

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى » نى يولغا قويۇش چارىسى 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 - يىغىنىدا ماقۇللاندى. ھازىر « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى ، نى يولغا قويۇش چارىسى » نى ئېلان قىلدۇق، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

**1 - ماددا** بۇ چارە « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى » غا ئاساسەن ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، تارىخىي ئۆرپ - ئادىتى ، نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قولايلىق بولۇش ۋە مەبلەغ ئىقتىسادىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلىدۇ.

**3 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە يىغىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ ، كەنت ئاھالە يىغىنى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىدۇ ، كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تۈرلۈك ئىشلارنى ئاشكارا ، ئادىل ، دېموكراتىك ، پاك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، قانۇن بويىچە بېجىرىدۇ.

**4 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك يادرولۇق ئورنىنى قوغدىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى، دېموكراتىك ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**5 - ماددا** يېزىلىق ، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ.

( 1 ) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە

مەدەت بېرىدۇ؛

(2) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارا تۈزۈشى ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يېتەكچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ؛

(3) كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى دېموكراتىك باھالىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ، كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ؛

(4) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە يولغا قويۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ؛

(5) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ.

6 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر قانۇن، نىزاملارغا ۋە دۆلەت سىياسىتىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، مۇلازىمەت ئېڭىنى تورغۇزۇشى، ئىشتا ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى، مەلۇم مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە تەشكىللەش رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، ئاممىنى ھالال ئەمگەكتى بىلەن بېيىشقا يېتەكلىشى، كېڭىشىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىشى، بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىقى كېرەك.

7 ـ ماددا كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى يىلدا بىر قېتىم دېموكراتىك باھالاپ، لاياقەتسىزلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە دەۋەت قىلسا ياكى قانۇن بويىچە قالدۇرۇۋەتسە بولىدۇ.

8 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدۇ. كەنت ئاھالە يىغىنى ئۆز كەنتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ياردەم پۇل بېرىشنى بېكىتسە بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر شۇ كومىتېت قارمىقىدىكى كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللۇقىنى ۋە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولىدۇ، لېكىن باشقا ياردەم پۇل ئالسا بولمايدۇ.

9 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىش، تورمۇش، ۋە پائالىيەتكە قولايلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرسا بولىدۇ. كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى خىزمىتىنى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ.

كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىغا بىر باشلىق قويۇلىدۇ، 500 دىن ئاشقانلىرىغا بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلسا بولىدۇ. گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى يىغىنىدا سايلىنىدۇ.

10 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى يىغىنىغا ئۆز قارمىقىدىكى كومىتېت مەسئۇللىرى ۋە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىشلارنى بېكىتكەندە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش پرىنسىپى قوللىنىلىدۇ.

11 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى قانۇن بويىچە تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) كەنت ئاھالىسىگە ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزام ۋە دۆلەت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە كوللېكتىپىزم تەربىيىسى بېرىش؛

(2) كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازا-

رەت قىلىش قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش؛ ئۇلارغا قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باج ـ ھەق تاپشۇرۇش، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش، مەجبۇرىيەت مائارىپى، پىلانلىق تۇغۇت، كۆچمەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش؛

( 3 ) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ھەققىدە كەنت ئاھالىسىگە تەربىيە بېرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، كەنت ئاھالىسى ئارا، كەنتلەر ئارا ۋە كەنتلەر بىلەن كەنتتىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، بىڭتۇەن ئورۇنلىرى، ھەربىي قىسىم ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش؛

( 4 ) پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا ھەمكارلىشىش؛

( 5 ) كەنت ئاھالىسىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بېرىش ۋە تەشكىللاتچىلىق قىلىش، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز كەنتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇش، يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا تۆھپە بولۇپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛

( 6 ) كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە كەنت ئاھالىسى، ھۆددىگەرلەر، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلار، بىرلەشمە ئىشلەپچىقارغۇچىلار، شېرىكلەشكۈچىلەرنىڭ قانۇنلۇق مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش؛

( 7 ) ئۆز كەنتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەر، دەل ـ دەرەخ ۋە قانۇن بويىچە ئىشلىتىدىغان ئوتلاق ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، كەنت ئاھالىسىگە تەبىئىي بايلىقنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ۋە قوغداش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش، دۆلەتنىڭ جامائەت ئەسلىھەلىرى ۋە باشقا جامائەت مۈلكىنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرىش، ئۆز كەنتىنىڭ ئېتىز، ئۆستەڭ، ئورمان بەلۋېغى ( ئوتلاق )، يول، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى پىلان بويىچە ياخشى ئېلىپ بېرىش؛

( 8 ) ئۆز كەنتىنىڭ جامائەت ئىشلىرى ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش؛ كەنت ئاھالىسىگە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، بىدئەتچىلىك، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش؛ نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئاياللار، باللار ۋە مېيىپلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاش؛

( 9 ) ئەل ئارا ماجىرانى مۇرەسسە قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىش؛

( 10 ) كەنت ئاھالىسىنىڭ پىكىر، تەلەپ ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش ھەمدە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش؛

( 11 ) كەنت ئاھالىسىنى خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەش؛

( 12 ) قانۇن ـ نىزاملاردا يۈكلەنگەن باشقا مەسئۇلىيەتلەر.

2011

12 – ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى پۈتۈن كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنۇشى شەرت.

كەنت ئاھالە يىغىنىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى چاقىرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، يىلدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم چاقىرىلىدۇ.

13 – ماددا كەنت ئاھالە يىغىنى قانۇن بويىچە تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

( 1 ) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتى ۋە يىللىق مالىيە كىرىم – چىقىم ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، ئۆز كەنتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە يىللىق پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش؛

( 2 ) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى سايلاش، قالدۇرۇۋېتىش؛

( 3 ) كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز – ئۆزىنى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى، كەنت قائىدىسى ۋە ئاھالە ئەھدىنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش ۋە تۈزىتىش ھەمدە يېزىلىق ( بازارلىق ) خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇش؛

( 4 ) ئۆز كەنتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ھۆددىگەرلىك جەھەتتىكى مەسىلىلەر ۋە ئۆز كەنتىنىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش؛

( 5 ) ئۆز كەنتىدىكى ياردەم پۇل ئالىدىغانلارنى ۋە ياردەم پۇل ئۆلچىمىنى، كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىساد تۈرلىرىنى تۇرغۇزۇش، قۇرۇش، ھۆددىگە بېرىش ۋە ئۇنىڭ كىرىمىدىن پايدىلىنىش، شۇنداقلا ئۆيلۈك يەر بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش؛

( 6 ) كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نامۇۋاپىق بېكىتمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش؛

( 7 ) كەنت ئاھالە يىغىنى يىغىن مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ، دەپ قارىغان كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان باشقا ئىشلارنى بېكىتىش.

14 – ماددا كەنت ئاھالىسى سايلىغان كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى ئىمىتلىدا دۇرۇس بولۇشى، ئىشنى ئادىل قىلىشى، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلىشى، چىن كۆڭلى بىلەن كەنت ئاھالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، يىغىنغا ۋاقتىدا قاتنىشىشى، كەنت ئاھالىسىنىڭ پىكرىنى ئىنكاس قىلىشى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىشى كېرەك، ئېھتىياجغا قاراپ خالىغان چاغدا ئېچىپ كەنت ئاھالىسى يىغىنى ھوقۇق بەرگەن ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتسىمۇ بولىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك، يىغىن قارارى ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

15 – ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىغا كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىشى، كەنت ئاھالىسىنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە خىزمەتنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

16 – ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

17 – ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى ئېلان چىقىرىش، رادىئودا ئاڭلىتىش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا

2001

ئۆتنۈش تاختىسى چىقىرىش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش ئۇقتۇرۇشى تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆز كەنتىنىڭ ئىشلىرىنى كەنت ئاھالىسىگە ۋاقتىدا ئېلان قىلىشى، مالىيىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى ئاز دېگەندە ھەر ئالتە ئايدا بىر قېتىم ئېلان قىلىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

18 - ماددا ئاشكارا ئۆتنۈلىدىغان كەنت ئىشلىرى ئاساسلىقى مۇنۇلار:

( 1 ) مالىيە پىلانى ۋە كىرىم - چىقىملىرى، كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى، نەپىقە، ئىئانە، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قېيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، پۇل - ماللىرىنى تارقىتىش ئەھۋالى، كەنت كادىرلىرىنىڭ يىللىق ياردەم پۇل ئېلىش ئەھۋالى، سۇ، توك پۇلى ئېلىش ئەھۋالى؛

( 2 ) كوللېكتىپ ئىقتىساد تۈرلىرىنى تۇرغۇزۇش، ھۆددىگە بېرىش لايىھىسى، ئىشلىتىلىدىغان كوللېكتىپ يېرىنىڭ مىقدارى، تۆلىمى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلۈك يەر لايىھىسى، پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنىڭ بېرىلىش، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى خىراجىتىنى غەملەش لايىھىسى، كوللېكتىپ يېرى ۋە ئىگىلىك گەۋدىسى ( جۈملىدىن مېۋىلىك باغ، كۆكتاتلىق، باقمىچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار ) نى ھۆددىگە بېرىش ئەھۋالى؛

( 3 ) كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى بېكىتكەن ئىشلارنىڭ ئىجراسى؛

( 4 ) كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان، كەنت ئاھالىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقا ئىشلار.

19 - ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى ئاشكارا ئۆتنۈلىدىغان كەنت ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق، چىن، چۈشىنىشلىك، كەنت ئاھالىسى بىلەلەيدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە كەنت ئاھالىسىنىڭ سوئرۇشتۇرۇشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. كەنت ئاھالىسىنىڭ پىكرى ۋە سوئاللىرىغا ئون كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشى كېرەك.

20 - ماددا كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ بېكىتىشى بىلەن، مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلسا بولىدۇ. بۇ گۇرۇپپا ئۈچ - بەش كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ جورىلىرى، بىۋاسىتە تۇغقانلىرى مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىغا كىرسە بولمايدۇ.

مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مالىيىسى ۋە ئۇنى ئاشكارىلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

21 - ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلىمى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنى ئالدۇرۇۋېتىش « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى » ۋە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى » بويىچە بولىدۇ.

22 - ماددا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، يېزىلىق ( بازارلىق ) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدا « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى »، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى » ۋە مۇشۇ چارىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

23 - ماددا بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# ئىچكىرىق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

ئېزىز توختى

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كۈندىن كۈنگە مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا.

يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا قانداق قىلىپ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش—ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، توقسۇ ناھىيە ئىچكىرىق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پائال ئىزدىنىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلىشى، يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، يۇقىرىدىن ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەپ، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى توغرا يۈرگۈزۈپ، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، يېزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

**1. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كاپالىتى**

يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى باشتىن ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا تاياندى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇش جەھەتتە ئالدى بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. پارتىيە رەھبەرلىكىنى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى.

بىرىنچىدىن، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. ئومۇمەن ھەيئەت رىياسەت يىغىنى قاراپ چىقىپ قارار قىلىدىغان چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە ئالدى بىلەن يېزىلىق پارتكوم پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلغاندىن كېيىن ئاندىن قارار قىلىپ، پارتكوم مۇددىئاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئىككىنچىدىن، پارتكوم، خ ق ھەيئەت رىياسەتتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئورنىنى توغرا قويدى.

ئۈچىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىگە تولۇق بويسۇندى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

يېزىلىق پارتكومنىڭ خ ق ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ

خىزمەت ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلىشى ئۈچۈن قەتئىي تۈردە تۆۋەندىكىلەرنى ئىشقا ئاشۇردى:

1 ) يېزىلىق پارتكومغا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىن روھى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىكى خىزمەت پىلانىنى يېزىلىق پارتكومغا دوكلات قىلىپ، يېزىلىق پارتكومنىڭ پىكىرىنى ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى.

2 ) خىزمەت جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلەلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يېزىلىق پارتكومغا دوكلات قىلدى.

3 ) ھەيئەت رىياسىتىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇشتا ئىزچىل چىڭ تۇردى. يېزىلىق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىپ، يېزىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ - چوڭ ئىشلارنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇندى.

مەسىلەن، ئىچئېرىق يېزىسىدا كۆپ ساندىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بىر قىسىم توختاملارغا پىكرى كۆپ ئىدى، ھەيئەت رىياسىتى 1999 - يىل 3 - ئايدا يىغىن ئېچىپ بۇ جەھەتتە ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، يېزىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش، چارۋىلاردىكى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش توختامى، كىنو كۆرۈشنى توختاملىشىش قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەنقىد، تەۋسىيە، پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىپ، يۇقىرىقى 3 خىل توختامنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاندىن باشقا، يېزىلىق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمەت داۋامىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشى، ۋەكىللەر پائالىيىتى، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ھەر يىلى 5000 يۈەندىن 8000 يۈەنگىچە خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىپ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى.

**2 . پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى دادىل ئېلىپ بېرىش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ھالقىسى**

نازارەتچىلىك كۈچلۈك بولماسلىق ئەھۋالىغا قارىتا، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ - چوڭ نازارەتچىلىك پائالىيىتى ۋە چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى يېزىلىق پارتكومنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

يېزىلىق پارتكوم پائال ماسلاشتۇرۇپ، خ ق ھەيئەت رىياسىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

بىرىنچى، نازارەتچىلىك دائىرىسى كېڭەيتىلدى. ئىلگىرىكى يىلدا بىر قېتىم ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىپ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، قاراپ چىقىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، قاراپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىپ، پىكىر، تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋەكىللەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بولغان قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە يېزىدىكى « 7 پونكىت، 8 ئورۇن » غا بولغان نازارەتچىلىك سالمىقىنى زورايتتى. ۋەكىللەر چوڭ يىغىنىنى پەسىلدە بىر قېتىم ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر قېتىملىق يىغىندا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملارنى ئۆگەن-

گەندىن باشقا « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، يېزىغا قاراشلىق 2 دىن 3 كىچە پونكىت، ئورۇنلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، خىزمىتىگە باھا بېرىپ، نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۈزەتتى.

ئىككىنچى، نازارەتچىلىك سالمىقى كۈچەيتىلدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاشتىن باشقا يېزىلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر ۋە « 7 پونكىت، 8 ئورۇن » مەسئۇللىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، دادىل نازارەتچىلىك قىلىپ، باھالاپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئوبيېكتىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈردى. بۇ پائالىيەت ئاما ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ ئىجابىي رول ئوينىدى ھەمدە « 7 پونكىت، 8 ئورۇن » دىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ۋە مۇلازىمەت ئېڭى يەنىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى يېڭى پەللىگە قەدەم تاشلاپ ئاما ئارىسىدا ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ يېڭى ئوبرازى تۇرغۇزۇلدى.

**3 . ئىسلاھات ، تەرەققىيات ، مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيلىقنى دەۋر قىلىپ تۇرلۇك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسىي مەقسىتى**

يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئاساسىي قاتلام يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى. شۇڭا ئۇ پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى چۆرىدەپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشى كېرەك. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئىچكىرىق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى نۇقتىلىق قىلىپ تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھەم ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

بىرىنچى، تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىش ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى. شۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. ئۇلار بۇ يىل 49 پارچە « شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

يېزىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇپ، ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بەردى.

ئىككىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ھەيئەت رىياسەتى يېزىلىق پارتكومغا پائال ماسلىشىپ، يېزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىدى.

ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش مەخسۇس كۈرىشى داۋامىدا ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى ۋە ناھىيىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، يېزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

ئۈچىنچى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ يېزا دائىرىسىدە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى قانۇنلارنىڭ

ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ۋەكىللەرنى پىلانلىق، نۇقتىلىق، سىستېمىلىق ھالدا قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە، بايقالغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمەتنىڭ تۈزىتىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

تۆتىنچى، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قوغداپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنى خاتىرجەم قىلدى.

**4 . ۋەكىللەر خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى**

ئىچكىرىق يېزىسىدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 25 نەپەر، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 55 نەپەر ۋەكىلى بار. بۇ ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەشكىلىي ئاپپاراتلار مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، كەسىپ ئەھۋالى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا قولايلىق بولۇش ئاساسىدا ئۇلار 3 گۇرۇپپىغا ئايرىلدى ھەمدە ھەر ئايدا 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغىچە گۇرۇپپا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش داۋاملاشتۇرۇلدى.

ھەيئەت رىياسىتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش نۇقتىلىرى بېكىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ۋەكىللەر پائالىيەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، ئۆگىنىش پىلانى، يوقلىما قىلىش تۈزۈملىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ھەر قايسى گۇرۇپپىلار بويىچە كۆزدىن كەچۈرۈش تۈزۈمى، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى.

ھەر يىلى يېزىنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىمۇ خۇلاسە قىلىنىپ، ئىلغار ۋەكىللەر پائالىيەت گۇرۇپپىسى ۋە ئىلغار ۋەكىللەردىن 3 تىن 5 كىچە تاللاپ مۇكاپاتلاندى.

ۋەكىللەرنىڭ ئىسلاھات، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مۇقىملىق خىزمىتى داۋامىدىكى باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ۋەكىللەر بېيىغاندا خەلقنى ئويلاش، نامراتلارغا يار – يۆلەك بولۇش پائالىيىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىدىن 53 كىشى ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ نامرات ئائىلە ۋە 3 پېشقەدەملەر ئۈچۈن 6620 يۈەن نەق پۇل، 85 قۇر كىيىم – كېچەك، 1350 كىلوگرام ئۇن، 52 كىلو ماي، 22.5 كىلو گۆش، 96 بولاق قەن – شېكەر، 18 توننا كۆمۈر ياردەم بەرگەندىن سىرت، نامراتلارنىڭ 46 مو يېرىنى ھەيدەپ بەردى. 180 ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ تېرىلغۇسىنى ۋاقتىدا قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

**5 . يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئۆز قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى**

ئىچكىرىق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلغاندىن باشقا، يېزىلىق پارتكوم ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنىمۇ ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، يېزىلىق پارتكومنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

يېزىلىق 13 – نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 – يىغىنىدا ۋەكىللەر بەرگەن 21 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىردىن ھازىرغا قەدەر بېجىرىلىپ بولۇنغىنى 16 پارچە، ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىدىن بېجىرىلىپ بولۇنمىغىنى 5 پارچە بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس ئىزاھات بەردى.

ئىچكىرىق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. يىل بېشىدىن ھازىرغىچە 41 ئادەم قېتىم ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەرزىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنى خاتىرجەم قىلدى.

( ئاپتور توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر ماموت

# پاي چېكى بازارلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەر ۋە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى توغرىسىدا

ئالىم قادىر

پاي چېكى بازىرى پاي چېكى تارقىتىش بازىرى ۋە پاي چېكى ئوبوروتى بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو پاي چېكى بازىرى كۆپ خىل مەبلەغ سېلىنىش يولىنى ئېچىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا مەبلەغ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، كارخانىلارنىڭ توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناۋاتىدۇ. ئەمما پاي چېكى بازارلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، بولۇپمۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىنىشى ئۈچۈن بۈگۈنگە قەدەر مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن پاي چېكى چەكلىك شىركىتى قانۇنى ۋە پاي چېكى بازارلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن ـ قائىدىسى بولمىغانلىقتىن، پاي چېكى بازارلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قىيىن بولماقتا. شۇنداق بولغاچقا، پاي چېكى تارقىتىش، ئېلىپ سېتىش جەريانىدا كىشىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلسىمۇ ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تەس بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىۋېرسال مەبلەغ توپلاپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى، پاي چېكى بازىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم پاي چېكى بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېزلىكتە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن پاي چېكى بازارلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن ـ قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، پاي چېكى بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

ھازىر جۇڭگودا گەرچە پاي چېكى بازارلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما پاي چېكى بازارلىرىدا نۆۋەتتە ئىككىنچى دەرىجىلىك بازارنىڭ رولى بىلەن كۆلىمى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلمايۋاتىدۇ. تارقىتىلغان كارخانا پاي چەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگەندەك قېلىپلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، بازارغا سېلىنىشقا بولىدىغان پاي چېكى تارقىتىلغان ئومۇمىي پاي چېكىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. شۇڭا ئىككىنچى دەرىجىلىك پاي چېكى بازىرى دېگەندەك جانلىنالمايۋاتىدۇ. پاي چېكىنىڭ ئالماشتۇرۇش باھاسى قويۇۋېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بازارغا ماسلاشمايۋاتىدۇ. سېتىش باھاسى بىلەن سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ، پاي چېكىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى ئاز. ۋاستىچى ئاپپاراتنىڭ مۇئەييەن مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جايلار پاي چېكىنىڭ سېتىش باھاسى بىلەن سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭراق بېكىتىۋاتىدۇ ياكى ئىككى تەرەپتىن بىر قەدەر يۇقىرى رەسمىيەت ھەققى ئېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھەق ئادەتتە ئوبوروت بولغان ئومۇمىي پاي چېكى سوممىسىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە ئېلىنىۋاتىدۇ.

مەن بۇ يەردە نۆۋەتتە پاي چېكى تارقىتىش ۋە ئېلىپ سېتىش جەريانىدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

**1. پاي چېكى بازارلىرىدىكى ھەر قايسى سۇبيېكتلارنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقى**

پاي چېكى تارقاتقان شىركەتنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقى جەھەتتە پاي چېكى تارقاتقۇچىلاردىن قانۇنغا خىلاپ تۆۋەندىكى قىلمىشتىن بىرىنى سادىر قىلغانلار مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ: ( 1 ) ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزى شەخسەن پاي چېكى تارقىتىش، پاي چېكى ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە باشقا ھەر خىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاش ۋە پاي چېكى تارقىتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە؛ ( 2 ) پاي چېكى تارقاتقۇچى بىلەن ئاكسىيە سېتىشنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىسىز تارقىتىش دائىرىسى، مىقدارى ھەمدە تارقىتىش باھاسى

بويىچە تارقاتمىغان بولسا؛ ( 3 ) ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقى ئارقىلىق پاي چېكى تارقاتقان شىركەت قانۇن - بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلمىسا، مەسىلەن: ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگانغا يوللىمىغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلاپ قويغان بولسا.

ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاش ۋە ماتېرىياللارنىڭ قايسى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ چىقارغان قانۇن - بەلگىلىمىلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. جۇڭگودا نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئەدلىيە ئورۇنلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تونۇشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. مېنىڭچە «ئۈچنى ئاشكارىلاش» پرىنسىپىنى ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاش دەپ چۈشىنىش كېرەك.

جۇڭگونىڭ پاي چېكى بازارلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە. پاي چېكى بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغداش، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى توسۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش - پاي چېكى بازىرىغا ئائىت قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ، پاي چېكى تارقىتىشتىكى بەلگىلىمىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوچۇق قىلىش پرىنسىپىنى بەلگىلىگەن.

**2 . پاي چېكى بازارلىرىدىكى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئورگاننىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقى**

مەبلەغ باھالاش ئورگىنى، ئاكسىيىنى دەرىجە بويىچە باھالاش ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى، بوغالتىرلىق ئورگىنى، جامائەت گۇۋاھلىق ئورگىنىنىڭ پاي چېكى تارقاتقۇچىلارنى ھەقىقىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىمىگەنلىكى سەۋەبىدىن پاي چېكى تارقاتقۇچى زىيان تارتقان بولسا، يۇقىرىدىكى ئورگانلارنىڭ قەستەن ساختىپەزلىك قىلغانلىقى ۋە سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاما زىيان تارتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقسا، تەپتىشلىك قىلغان، دەلىل - ئىسپاتلارنى باھالىغان، جامائەت گۇۋاھلىق بەرگەن مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئورگان مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

ئاكسىيە سودىسىدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: ( 1 ) ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئاكسىيە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار؛ ( 2 ) تەستىقلانغان دائىرە ئىمتىيازىدىن ھالقىپ چىقىپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئاكسىيە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار؛ ( 3 ) ئالاقىدار قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىق ھەرىكىتىدە بولغانلار، مەسىلەن: ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ئاكسىيە سودا ئەھۋالىنىڭ مۇكەممەل خاتىرىلەنمەسلىكىنى قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغانلار؛ ئاكسىيە شىركىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئاكسىيىلەرنى ئوغرىلىغانلار؛ خېرىدارلارنىڭ ئالدامچىلىق قىلىشى ياكى باشقىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىشىغا قارىتا ياردەمدە بولغانلار؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن كاپىتال سوممىسى ۋە تۇرلۇك كاپىتالنى تەييارلىمىغانلار؛ قانۇن - بەلگىلىمە بويىچە مۇئەييەن ئىسپات خاتىرىسىنى ساقلىمىغانلار؛ ئۆز ۋاقتىدا مالىيە ئىشلىرى كەسپىي دوكلاتىنى تاپشۇرمىغانلار؛ ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىسىز خادىملارنى قالايمىقان ياللاپ ئىشلەتكەنلەر، بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلار؛ خېرىدارلارنىڭ پاي چېكىنى سېتىش - سېتىۋېلىشىغا تەھدىت سېلىش ھەرىكىتىدە بولغانلار؛ ( 4 ) ئاكسىيە بىرژاسىنىڭ خادىملىرىدىن قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە، ئاكسىيە سودا ئورنىنىڭ نىزامى، كەسپىي ئىشلار قائىدىسى، كېلىشىمدىكى مىزان ياكى باشقا قائىدىلەرگە خىلاپ ھالدا ھاۋالىنى قوبۇل قىلىش ھەرىكىتىدە بولغانلار.

**3 . ئاكسىيە كەسپىدىكى ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئورگىنى ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق**

ئاكسىيە سودا ئورنى ۋە ئاكسىيە كەسپداشلار جەمئىيىتى ئالاقىدار قانۇن - قائىدە ياكى ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كەسپىي ھېساب دەپتىرى، ھۆججەت ( چەك )، مالىيە ئىشلىرى دوكلاتى ۋە باشقا كەسپىي ھۆججەتلەرنى تەييارلىمىغان، مەلۇم قىلمىغان بولسا، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئىزالىرى كۆندىلىك تىجارەت پائالىيىتى جەريانىدا شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن كۆز بوياپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىنى جازادىن قاچۇرغان، بىگۇناھ كىشىلەرنى جازالىغان بولسا، بۇ ئارقىلىق ئاممىنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىسا، پاي چېكى بازىرىنىڭ

تەرتىپى قالايمىقانلاشسا، بۇ خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار چوقۇم مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

**4. قانۇنىي جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك باشقا ئەھۋاللار**

1) يەڭ ئىچىدە سودىلىشىش. بۇ، ئىچكى قىسىمدىكى سودا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەڭ ئىچىدىكى سودا دېگەندە كارخانىلارنىڭ مۇھىم ئاخباراتنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ئىچكى قىسىمدىكى ئالاقىدار خادىملار ئۆزى بىلىدىغان ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ، پاي چېكى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇرسەت تېپىپ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىچكى قىسىمدىكى خادىملار - بازار شىركەتلىرى ياكى ئاشكارا پاي چېكى ئېلىپ سېتىش بازارلىرىدىكى پاي چېكى ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى ئىچكى خادىملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مۇدىرىيەت ئەزاسى، كۆپ ساندىكى پاي چېكىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن پايچىكلار، پاينى كونترول قىلغۇچى باشقا پايچىكلار - باش دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتور، مالىيە بوغالتىرى، تەپتىش خادىمى، كاتىپ ۋە يۇقىرىدىكى خادىملار بىلەن ئوخشاش رول ئۆتەيدىغان باشقا خادىملار.

2) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئورۇن ياكى شەخس يامان غەرەزدە ئىچكى قىسىمدىكى خادىملار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوخشاش خىلدىكى پاي چېكىنى سېتىش - سېتىۋېلىشتا ساختا قىياپەتتە باھا قويۇشنى تەلەپ قىلىش.

3) باشقىلارنى پاي چېكى سېتىش - سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىش ياكى ئۇچۇرنى خاتا چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش.

4) مەركىزىي سودا بازارلىرىدا باھانى يالغان مەلۇم قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ۋەدە بېرىپ قويۇپ ۋەدىسى بويىچە ئىش قىلمىغانلار.

5) بازار باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇچۇرىدىن پايدىلىنىپ، پاي سېتىش - سېتىۋېلىشتا ئورۇنغانلار، پاي چېكىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆتكىمەي تۇرۇپ يالغاندىن سېتىش - سېتىۋېلىش ھەرىكىتىدە بولغانلار.

6) پاي چېكىنىڭ نەرخىنى ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش، مەلۇم خىلدىكى پاي چېكىنى ئۇدا يۇقىرى باھادا سېتىش ياكى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىش.

7) ئاكسىيە سودا ئورنى ۋە پاي چېكى سودىسى ئورنى ئۆزىنىڭ تارقاتقان پاي چېكىنى سېتىش - سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلمىغان ئەھۋالدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئۆزىنىڭ پاي چېكىنى سېتىش.

8) بازار سىرتىدىكى قانۇنسىز سودا يەنى قاراڭغۇ بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش.

9) مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى قانۇنسىز ھالدا يەڭگۈشلەش يەنى ئاكسىيە تىزىملاش ئورگىنى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يەڭ ئىچىدە يەڭگۈشلەش.

10) دەسمايىسىز سودىگەرلىك قىلىش.

**5. قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقىنىڭ كونكرېت شەكىللىرى**

قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن قانۇنىي جاۋابكارلىق تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) ھەق - تەلەپ ئىشلىرى جاۋابكارلىقى. پاي چېكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەر قايسى سۇبيېكتلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت - تاۋار ئىگىلىكى سۇبيېكتلىرى ئارىسىدىكى تەڭ باراۋەر ھالدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتىدۇر. پاي چېكىنى تارقاتقان شىركەت بىلەن ئاكسىيىنى سېتىشنى ئۈستىگە ئېلىش، ھەر قايسى ئاكسىيە مۇلازىمەت ئورگانلىرى ھەمدە ئۇلار بىلەن مەبلەغ سالغۇچىلار ئارىسىدىكى پاي چېكىنى تارقىتىش، سېتىۋېلىش - سېتىش پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى كېلىشىم مۇناسىۋىتىدۇر. ھەر قانداق بىر تەرەپ كېلىشىمدىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قارشى تەرەپكە زىيان سالسا ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: (1) ئىشتىراپ تۆلەش. بۇ، كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچىلارنى پۈتۈشكىنى بويىچە قارشى تەرەپكە تۆلەپ بەرگەن مەلۇم ساندىكى پۇلنى كۆرسىتىدۇ. پاي چېكىنى تارقىتىش، سېتىۋېلىش - سېتىش جەريانىدا ھەر قايسى تەرەپ سۇبيېكتلار چوقۇم كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن

مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك. ( 2 ) زىياننى تۆلەش. بۇ، پاي چېكىنى تارقىتىش، سېتىۋېلىش ـ سېتىشنى ئۈستىگە ئېلىش، تەپتىش قىلىش، باھالاش جەريانىدا ھەر قايسى سۇبيېكتلار قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ياكى توختامدىكى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ، قارشى تەرەپكە ياكى ئۈچىنچى كىشىگە زىيان سالسا، زىياننى تۆلەشتە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

2 ) مەمۇرىي جاۋابكارلىق. ئاكسىيە بازىرىدىكى سۇبيېكتلار ئاكسىيىنى باشقۇرۇش قانۇن ـ قائىدىگە، ئاكسىيە سودىسى، ئاكسىيە سودىسى قىلىش ئورنى ۋە كەسىپداشلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇش قانۇن ـ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلسا، ئاكسىيىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئورگان ئۇلارغا مەمۇرىي جازا ۋە ئىنتىزام جازاسى بېرىدۇ. ئورگانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلىش، مەبلەغنى تولۇقلىتىۋېتىش، قەرز بېرىشنى توختىتىش، ئىشتراپ قويۇش، تىجارىتىنى توختىتىپ قويۇش، تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇش، قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش، تىجارەت كەسپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تارقىلىپ كېتىشكە بۇيرۇش، تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى بىلەن تىجارەت كىنىشكىسىنى قايتۇرۇۋېلىش قاتارلىق جازالار. شەخسلەرگە بولسا، خىزمەتتىن بوشىتىش، خىزمەتتىن توختىتىش، ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش، ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، خىزمەتتىن بوشىتىپ سىناپ ئىشلىتىش ياكى بۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش لاياقىتىدىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىق جازالار بېرىلىدۇ.

3 ) جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى. بۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىغا جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە بېرىلىدىغان ئەڭ قاتتىق جازا شەكلىدۇر. جىنايى جازا ـ پاي چېكى بازىرى تەرتىپىنى قوغداش، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل جىنايى قىلمىشلارنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش جەھەتلەردە باشقا قانۇنىي جازا تەدبىرلىرى ئوينىيالمايدىغان رولغا ئىگە. ئۇ، پاي چېكى تارقىتىش، سېتىۋېلىش ـ سېتىش جەريانىدىكى ھەر خىل جىنايەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلەيدۇ. باشقا قانۇنىي جازا ۋاستىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشتىكى جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى ۋە دەۋانىڭ سۈرۈكى، پاي چېكى بازارلىرىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغداش جەھەتتە باشقا دەۋا تەرتىپى ۋە سۈرۈكىگە قارىغاندا ئاكتىپ ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ھەر قايسى دۆلەتلەردە قانۇن چىقىرىش جەھەتتە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىغا قارىتا قاتتىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. ئەمما شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، پەقەت ئاكسىيە باشقۇرۇش قانۇن ـ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىنىڭ دەرىجىسى ئېغىر بولغاندىلا، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. قىسقىسى، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرى بولغاندىلا، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك: ( 1 ) قىممەتكە ئىگە بېلەتلەرنى يىغىش، تارقىتىش، سېتىۋېلىش ـ سېتىشتا مەلۇم قىلىش مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، راست دوكلات قىلمىغان، خاتىرىلىمىگەن، خەۋەر يەتكۈزۈش خېتى ۋە دوكلاتىنىڭ قوشۇمچىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى يەتكۈزۈپ بەرمىگەنلەر، يالغان ماتېرىياللارنى ئېلان قىلغانلار؛ ( 2 ) ئاكسىيە تىجارەت ئورگىنى ۋە سودا ـ سېتىق ئورنىنى تولۇق ۋە ھەقىقىي بولمىغان مەلۇم قىلىش خېتى بىلەن تەمىنلىگەن، رۇخسەت قىلىش شەرتىگە خىلاپلىق قىلغان، تىجارەت قىلىش كىنىشكىسى يوق تۇرۇپ، ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلار؛ ( 3 ) بازار باھاسىنى باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلىپ ساختا ھالدا سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يەڭ سودىسىدىن پايدىلىنىش ھەمدە ھەققانىي، ئادىل، سەممىي بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى بولغانلار؛ ( 4 ) يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملار ياكى ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملار ئىچىدىن پارا ئېلىش قىلمىشى ياكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش قىلمىشىنى سادىر قىلغانلار.

( ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىدىن )

# نازارەتچىلىك سالمىقى زورايتىلىپ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارلاق ئوبرازى نۇرلاندۇرۇلدى

ئىدرىس قادىر

« ئاساسىي قانۇن » ۋە « تەشكىلىي قانۇن » دىكى بەلگىلىمە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قارار قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ھوقۇقنى يۈرگۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە نازارەتچىلىك ھوقۇقى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە دائىملىق ھوقۇقى بولۇپ، بۇ ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نوپۇزىغا شۇنداقلا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى « ئاساسىي قانۇن » ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۈستىگە ئالدى. 1998 ـ يىلى ئېچىلغان ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدىن بۇيان، « دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش » فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئوبيېكتلار ئۈستىدە نازارەتچىلىكنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، « قانۇن بويىچە ناھىيىنى ئىدارە قىلىش » نى ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ياخشى ئوبراز تىكلىدى. قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك خىزمىتىدە تۆۋەندىكى مۇھىم ھالقىلارنى چىڭ تۇتتى:

**1. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ساقلىدى**

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورنىتىلغان. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرۇشتا پارتىيىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىنى تارىخ ئۆزى تاللىغان. پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ ئورگانىك بىرلىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پارتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تەشكىلاتچىلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوللاشتىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى تەشكىلىي شەكلىدۇر.

بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەنگەن قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتىيە رەھبەرلىكى پرىنسىپىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، زور مەسىلىلەرنى پارتكومغا دوكلات قىلىپ ۋە يوليورۇق سوراپ، پارتكومنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، قارار قىلىش، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىگە باھا بېرىشكە ئوخشاش پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ ۋە كۈندىلىك خىزمەتلەردە پارتكومنىڭ قارارى ۋە مۇددىئاسىنى

ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن پارتىيە خىزمىتىنى ئورگانىك بىرلەشتۇردى. «ئۈچ يىغىن» نى ئاچقاندا پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىشىشى ۋە يولىيورۇق بېرىشىنى قولغا كەلتۇردى. ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى شۇ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا ئېلىپ باردى. كادىرلار نازارەتچىلىكىنى يولغا قويغاندا پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى پارتكومغا دوكلات قىلىپ قوللاشقا ئېرىشتى.

**2. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى**

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يىللاردىن بۇيان ئىقتىدارلىق كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇپ، زۆرۈر بولغان بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلىدى. پارتىيە تەشكىلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆگىنىش ـ پائالىيەت تۈزۈمى، بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئۆگىنىش تۈزۈمى، ئىش قاراش تۈزۈمى، بىخەتەرلىكنى قوغداش تۈزۈمى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، ئەرزىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئورگاننىڭ خىزمەتلىرىنى تەدرىجىي ھالدا قانۇنلىشىش، تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا سالدى. ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاپ خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتتى. ياش ئاكتىپلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى كېڭەيتتى. ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملار، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارار، سىياسەتلىرى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ خادىملارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۇردى. ھەر بىر كادىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىغا ئاساسەن خىزمەت تەقسىملەپ، زۆرۈر شارائىت ھازىرلاپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە قوللاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

**3. ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىۋى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتتى**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىللەر خىزمىتىنى ئىزچىل ياخشى ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ئورگان ئىسلاھاتىدا ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى بۆلۈمىنى ساقلاپ قېلىپ، بىر مۇئاۋىن مۇدىرنى مەسئۇل قىلغاندىن سىرت بىر نەپەر يولداشنى بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قويدى. بۇ بۆلۈمنىڭ پېشقەدەم سابىق باشلىقى تۈزگەن «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى» ناملىق ئوقۇشلۇقنى كۆپەيتىپ بېسىپ، ئورۇنلارغا تارقىتىپ بەردى ۋە بۇ ئۈنۈملۈك قوللانمىنى ھەر يىلى ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە پايدىلىنىپ ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، يىلىغا 250 سان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ تارقىتىپ بېرىپ ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى جەمئىي 132 ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا بۆلۈپ، تۈزۈم ئورنىتىپ، ئۆگىنىش، ئۆز دائىرىسىدىكى

18

2010

ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ـ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە ئوخشاش پائالىيەتلەرگە ئويۇشتۇردى. ناھىيەلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يىلدا ئىككى قېتىم ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىشنى يولغا قويدى ۋە ئېچىلمىغان سانلىق يىغىنلاردا ئۆلچەملىك جەدۋەل تارقىتىپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ جەرياندا 4 يىلدىن بۇيان قوبۇل قىلىنغان پىكىر، تەكلىپ، تەلەپلەر 551 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ 95%ى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئارقىلىق بېجىرىلدى. ناھىيەلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى شۇ قاتاردا ئەرزىيەت خىزمەتلىرىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئىشلىرىغا ئالاقىدار 360 پارچە ئەرزنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

**4 . قانۇن بويىچە ناھىيىنى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ياخشى جارى قىلدۇردى**

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئۆتكەن تۆت يىلدىن بۇيان، نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن قانۇننى بىلىش، قانۇنغا تايىنىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا جايلار ۋە تارماقلارنىڭ «3 ـ بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىغا بولغان ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىكنى باشتىن ئاخىر چىڭ تۇتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا پۈتۈن ناھىيىدىكى پۇقرالار ئارىسىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قاتلاملار بويىچە «ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي قانۇن»، «سايلام قانۇنى»، «ۋەكىللەر قانۇنى»، «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى» ... قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن بىلىم سەۋىيىسى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى ۋە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى «ناھىيە بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش پىكرى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئىككى مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى ۋە ناھىيە بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى. دەسلەپتە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى، دۆلەت زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسى قاتارلىق 5 ئورۇننى سىناق نۇقتىسى قىلىپ، بۇلتۇر يىل بېشىدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە كېڭەيتتى. بۇ جەرياندا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ۋە خادىملاردا ساقلانغان قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، ھېسسىياتنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، قانۇنغا خىلاپ ھالدا كېسىم چىقىرىشتەك قىلمىشلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزەتتى.

**5 . «ئۈچ يىغىن»نى قانۇن بويىچە ياخشى ئېچىپ، «ئۈچ ھوقۇق»نى تولۇق يۈرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى**

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «ئۈچ ھوقۇق»نى يۈرگۈزۈشتە «ئۈچ يىغىن»نىڭ سۈپىتىگە باشتىن ئاخىر ئەھمىيەت بەردى. ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن بۇ

يىل 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاچقان 36 قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى، 26 قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى، 4 قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسىدە يىغىننىڭ نىشانى، مەقسىتى، تەلىپى قاتارلىقلارنى ئالدىن بەلگىلەپ دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئالدىن تەكشۈرۈپ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلىدى. ئۆتكەن تۆت يىلدىن بۇيان ناھىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، خەلق تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئىشلارنى، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئەدلىيىنى ئادىل يۈرگۈزۈشكە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مەسىلىلەرنى، بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى ۋە بازار مېخانىزمىنى، بازار تەرتىپىنى قوغداشتىكى مەسىلىلەرنى ۋە باشقا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تۇتقا قىلىپ، ئالدى بىلەن مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ قاراپ چىقتى. ئەھۋالغا قاراپ دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىشنى بېكىتىپ، قارالمىلارنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئالدىنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلىدى. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىلەن ئالاقىلىشىش، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ماتېرىيال تەييارلاش، بۇ ماتېرىياللارنى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىن تەييارلىق قىلىۋېلىپ يىغىندا قاراپ چىقىش پىكرى ۋە خىزمەت تەكلىپى بېرىشىگە ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى ۋە بۇ ئارقىلىق ھەر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەسىرىنى كېڭەيتتى. مۇشۇ ئاساستا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، «قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى»، «مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئىش قائىدىسى»، «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش قائىدىسى»، «قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى»، «ناھىيە بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش پىكرى»، «قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، قاغىلىقنى ئېچىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى قارارى»، «قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خ ق مەسئۇللىرى، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكى خادىملار بىلەن كۆرۈشۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ھۆججىتى» قاتارلىقلارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۆز دائىرىسىگە تەئەللۇق بولغان 15 قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، دوكلاتنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقتى.

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «ئۈچ يىغىن» نى ئېچىشتىن ئىلگىرى قاراپ چىقماقچى بولغان «قىزىق نۇقتا» لىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كۆچۈرۈشكە تەشكىللەپ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدى ۋە مۇشۇ ئاساستا يىغىننىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇردى. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشتا يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن قانۇن بەرگەن ھوقۇقنى ئەستايىدىل يۈرگۈزدى. تۆت يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئالدىن تەكشۈرۈپ ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۇلارغا چوڭ يىغىنلاردا تەيىننامە تارقىتىپ بەردى ۋە پاكلىق قەسەمنامىسى بەرگۈزدى. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تۆت يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك خ ق

دائىمىي كومىتېتى، هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە قا- رىمىقىدىكى ئورۇنلاردىن 13 نەپەر مۇئاۋىن ناھىيە دەرى- جىلىك، 55 نەپەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. 2001 ـ يىلى كىرگەندىن بۇيان « ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى باھا- لاش نىزامى » نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائا- رىپ ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، سوت مەھكى- مىسىنىڭ ھەق تەلەپ كوللېگىيىسى، تەپتىش مەھ- كىمىسىنىڭ قولغا ئېلىش بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار- نىڭ مەسئۇل كادىرلىرى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ باردى.

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى « خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن هۆكۈمەت، ئىككى مەھكى- مىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن نا- زارەتچىلىك قىلىنىش مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى خىزمەتتە ئۆز ئارا قوللاش، ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، پىلان، خەلق تۇرمۇشىغا ئالا- قىدار چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ھەمكارلىشىپ ياخشى ئىشلەش مۇناسىۋىتى » دەپ قارىدى ۋە هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئۈستىدە ئۈچ خىل نازارەتچىلىكنى ياخشى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە يەنە « هوقۇقىدىن ھالقىپ كەتمەسلىك، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالما- لىق » پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، مۇناسىۋەتنى راۋان- لاشتۇردى. ئالاقىدار خاسىلارنى هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت ۋە دېلولارنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنلىرىغا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلە- رىگە قاتناشتۇردى. شۇ قاتاردا ئۆزىنى ۋۇجۇدقا كەل- تۈرگەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قى- لىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، يېزى- لىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت رە- ياسەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەك- چىلىك قىلىش، ھەر قېتىمقى يىغىن ئەھۋالىنى تې- لېۋىزوردا كۆرسىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك سالمىقىنى زوراي- تىپ، ناھىيىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارلاق ئوبرازىنى ئۈزلۈكسىز نۇرلاندۇرۇپ، خەلق ئام- مىسىنىڭ قوللىشىغا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار- نىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

( ئاپتور قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

---

(بېشى 22 ـ بەتتە) يۈرگۈزۈپلا قالماي، تې- خىمۇ مۇھىمى ئۆزىنىڭ نازارەت قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزەلىگەن. بۇ نازارەت قىلىشنىڭ كۈچى گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، بىراق بۇ قارشى ئاۋازنىڭ دېموكراتىك سىياسىي تۇرمۇشتىكى كۈچىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ قارشى ئاۋاز بېرىشى ئاۋازغا قويۇش جەريانىدا گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئەھۋالنىڭ چىقىقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەيلى ئۇ قوشۇلغان بولسۇن ياكى قارشى تۇرغان بولسۇن، بۇ زىددىيەتنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى دەل بىزنىڭ مەسىلىلەرنى بايقىشىمىز، ھەل قىلىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ دېموكرا- تىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ پايدىلىق.

( « خەلق گېزىتى » نىڭ 2001 ـ يىل 17 ـ ئۆكتەبىر سانىدىن ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمى- سى )

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

2001

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قارشى ئاۋاز بېرىشكە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بېلەت تاشلاپ
ئاۋاز بېرىپ مەلۇم بىر قانۇننى ماقۇللىغاندا، مەلۇم بىر
دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ
چىققاندا، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلغاندا ياكى
كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە ياكى ۋەزىپىسىدىن
قالدۇرغاندا، ئادەتتە ئاز ساندىكى بىر قىسىم ۋەكىللەر
قارشى ئاۋاز بېرىدۇ ياكى ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدۇ. بۇ
خىلدىكى قارشى ئاۋاز ئاز بولۇپ، مەلۇم بىر قارارنىڭ
ماقۇللىنىشىغا تەسىر يەتمەيدىغان بولسىمۇ، بىراق
بىز بۇنداق قارشى پىكىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارى-
ماسلىقىمىز، بۇنىڭدىن ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋە
خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز،
خىزمەتتىكى خاتالىقلار ھەم كادىر ئىشلىتىش جەھەت-
تىكى خاتالىقلارنى ئالدىنى ئالىدىغان بىرىچە ئازايتىشىمىز
كېرەك.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، تولۇق ئاۋاز بىلەن ما-
قۇللىنىپ كەتسە بۇ ئادەمنى بەك رازى قىلىدۇ، ئەل-
ۋەتتە. بىراق، قارشى ئاۋاز بېرىشنىڭ ئۆزىنى قارشى
تۇردى دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بىز توغرا،
ئىلمىي، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن ئۇنىڭغا قاراي-
دىغان بولساق، قارشى ئاۋاز بېرىشتىكى ھەقىقىي
مۇددىئا ھەم سەۋەبلەرنى چۈشەنسەك، بۇ خىزمەتلىرى-
مىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھازىر، بەزى كىشىلەر قارشى پىكىرنى ئاڭلىسىلا
ئىمانى ئۇچۇپ، جان ـ پېنى چىقىپ كېتىدۇ ـ دە،
قارشى پىكىر بەرگۈچىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ھەتتا پ-
رىنسىپقا كۆتۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەردىن ئا-
مالىنىڭ بىرىچە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىراق، بۇ خەلققە،
ئۆزىگە، دۆلەتكە زىيانلىق. يېقىندا ئاخبارات ۋاستى-
لىرىدا ئاشكارىلانغان شېنياڭ شەھىرىنىڭ سابىق شە-
ھەر باشلىقى مۇ سۈيشىن ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزۇپ
تەكشۈرۈشكە باشلىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر خەۋەردە
مۇنداق بىر ئىش يېزىلغان: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر
ۋەكىلى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ «شەھەر باش-
لىقى ئۆزىنىڭ ئايالى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ياخشى
باشقۇرۇش» قاتارلىق 5 تۈرلۈك پىكىرنى بەرگەنىدى
شۇنداقلا ئۇ ئىككى قېتىم ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلا-
تىغا قارشى ئاۋازمۇ بەرگەن ئىدى. ناۋادا، ئىشنىڭ بې-
شىدىلا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار شۇ قارشى ئاۋازغا كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ قويغان بولسا، بۇ شەھەر باشلىقىنىڭ
ئىشلىرى بالدۇرراق ئاشكارىلانغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكى ئەشۇ كىشىلەرمۇ باج تاپشۇرغۇچىلار-
نىڭ پۇلىنى خالىغانچە ئىسراپ قىلىۋەتمىگەن بولاتتى
ياكى قىمار ئويناپ غان بولاتتى، دۆلەتنىڭ زىيىنىمۇ
ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، مانا
مۇشۇنداق سۆزنى ئاشكارا قىلىشقا، خەلق ئالدىدا مەس-
ئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ ۋەكىلى «مۇ شەھەر باشلىقى» نىڭ «مۇشۇنداق
ئادەم، قانداقمۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ
سايلىنىپ قالغاندۇ» دەپ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچ-
رىغان، ئۇنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قىلغان مۇئامىلىسى
ئۇنىڭ سالاھىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ خىلدىكى
رەھبەرىي كادىرلار ئۆزلىرى ئېغىز ئېچىپ بولغىچە
خوپ دەپ تۇرىدىغان قۇللارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىنى
نازارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان، ئۆزىگە قارشى
تۇرالايدىغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى ياق-
تۇرمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋەكىل ئۆزىنىڭ ئاۋازغا
قويۇش ھوقۇقىنى

(داۋامى 21 ـ بەتتە)

2001

# قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى رولى

ئىسمائىل ھاجى

باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا: « جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇش بىللە، سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشتىمۇ بوشاشماي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك » دەپ تەكىتلىدى ①. بۇ مۇھىم ئىدىيىدە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى تەجرىبىلىرى ئىلمىي يەكۈنلەنگەن. ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئورنى، فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش جۇڭگوچە زامانىۋى، مەدەنىي دۆلەت قۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش زامانىۋى، مەدەنىي دۆلەتنىڭ ئىككى چوڭ بەلگىسى**

21 ـ ئەسىر ئىنسانىيەت زامانىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغان شانلىق ئەسىر. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى، سىياسىينىڭ مۇقىم بولۇشى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇكەممەللىشىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىمۇ زۆرۈر. بۇ توغرا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق پارلاق ئەخلاق، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئىنەك قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش ئەزەلدىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش دېگەنلىك ماركسىزمنى يېتەكچى، پەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنى ئاساسىي تەلەپ، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ، كەسپ ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى مەۋقە قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ـ ئەخلاق سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئۇنى بارلىق خەلق ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت قېلىپىغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك. جۇڭگو تارىخىدا قەدىمقى دەۋردە كۆڭزىچىلار ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، قانۇنچىلار قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى گەرچە باشتا پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا بىرلىككە كەلگەن ھەم بىردەك ئەخلاقنى ئاساس قىلىش، ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەش، سىياسەت ئەخلاق ئۈچۈن ... دېگەنلەرنى تەكىتلىگەنىدى. كۆڭزى مۇنداق دېگەن: « سىياسەت بىلەن تەربىيىلەنگەندە، قانۇن بىلەن باشقۇرغاندا، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق قىلمىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىگەن، ئەدەب بىلەن باشقۇرغاندا خەلق ئەخلاقلىق بولىدۇ، ئىنتىزاملىق بولىدۇ. » ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: « ھاكىمىيەتنى ئەخلاقلىق يۈرگۈزگۈچىلەر قۇتۇپ يۇلتۇزدەك سېھىرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ

2001

، ھەممە يۇلتۇزنى ئەتراپىغا توپلىيالايدۇ ، شۇنداقلا شۆھرەت تاپىدۇ ② يۇقىرىقىلار قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنىڭ ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپ قالماستىن بەلكى ئەخلاق قائىدىسىنىڭ قانۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىچكى ئۆز - ئۆزىدىن تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخى مابەينىدە ئەخلاق بىلەن قانۇن تەڭ باشقۇرۇش ۋاسىتىسى قىلىنغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تارىخىدىن ئىبارەت. ئەمما، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئۇنۇملۇك ۋاسىتىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ھازىرقى ۋاقىتتا ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەنگۈشتەرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ھەم دەۋرنىڭ تەلىپى ھەم زامانىۋى مەدەنىي دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.

پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. يۇقىرىلارنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە ئىدىيە - ئەخلاق سەپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى ، ئىجتىمائىي ئەخلاق پەزىلىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئاساسىي تەرەپ، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقتىن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىمىز يەنىلا تۆۋەن ، ئاممىنىڭ ئەخلاق - ئادىتى، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئېڭى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ. بەزى كىشىلەرنىڭ دۆلەت ئېڭى، كوللېكتىپ ئېڭى ۋە ئۆز - ئارا ياردەم بېرىش روھى ، پىداكارلىق روھى سۇسلىشىپ كەتتى . بولۇپمۇ پارخورلۇق ، خىيانەتچىلىككە ئوخشاش چىرىكلىك ھادىسىلىرى تۈپتىن تۈگىتىلگىنى يوق بەلكى قىسمەن ئورۇنلاردا ئەدەپ كەتمەكتە . بۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان قانۇنچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە ، كادىرلار ۋە ئاممىنى توغرا دۇنيا قاراش ، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ، قىممەت قارىشى تىكلەشكە يېتەكلەپ ، ئەخلاقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە بولغان تەربىيە ، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك .

2 . قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەش زامانىۋى ، مەدەنىي دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى

باش شۇجى جياڭ زېمىن « دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش ئەزەلدىن بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ . » ③ دەپ كۆرسەتتى. بىرىنچىدىن، قانۇن بىلەن ئەخلاق ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى تەڭشەش، چەكلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇلار خۇددى قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا، ماشىنىنىڭ ئىككى چاقىغا ئوخشاش بىرسى كەم بولسا زادى بولمايدۇ. ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش ئاساس بولۇپ، قانۇننىڭ ئىزچىللىشىشى، ئىدىيە - ئەخلاقتىن ئىبارەت بۇ ئاساسنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. پەقەت مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن، ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىدا ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت قارىشىنى يېتىلدۈرگەندىلا، قانۇننىڭ يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ كاپالىتى .

قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلار ئىرادىسىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ نوپۇز ۋە مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. مۇبادا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش ئارقىلىق كاپالەتكە ئېرىشەلمىسە، ئۇلار جەزمەن قانۇنغا تايىنىپ، زورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ ئۆز مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. ئىككىنچىدىن، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ كاتېگورىيىسى ئوخشىمايدۇ، ئورنى، ئىقتىدارىمۇ ئوخشىمايدۇ. قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش سىياسىي قۇرۇلۇشقا، سىياسىي مەدەنىيلىككە مەنسۇپ. ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيە قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىككە مەنسۇپ. ئەمما، سىياسىي ئەخلاق بىلەن ئەخلاق بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلانغان. سىياسىي جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ، ئەخلاققا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەخلاق سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە قارىتا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى: بىرى، ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. ئەخلاق ئادەتتە نۇقتىئىنەزەر، ھېسسىيات، خۇلق ۋە ئۆرپ - ئادەتتە ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭى ۋە ئىشەنچىسىدە نامايان بولىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تورمۇشتا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. قانۇنغا ئوخشاش ماددىلاشتۇرۇپ يېزىلمايدۇ. قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ ۋە يولغا قويۇلىدۇ، زورلاش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، ماددىلاشتۇرۇپ يېزىلىدۇ. يەنە بىرى، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى ۋە چەكلەش كۈچى ئوخشىمايدۇ. ئەخلاق ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى، جامائەت پىكرى ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتكە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەتنىڭ دىكتاتۇرا ماشىنىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. زورلۇق كۈچ ئارقا تىرەك قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن باشقا، تەڭشەش دائىرىسى ئوخشىمايدۇ، ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ دائىرىسى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەنىۋى تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىگە چېتىلىدۇ. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشى نۇرغۇن يېڭى خىرىس ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەركىب، تەشكىلىي شەكىل، ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلى، مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە تەقسىمات شەكىللىرىمۇ كۈنسايىن كۆپ خىللاشماقتا. بۇنداق كۆپ خىللىشىش مەنپەئەت قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلماقتا. بۇلار قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قانۇن ۋاڭ باۋشېن، چېڭ كېجيې، خۇچاڭچىڭلارنى جازالىيالىغانلىقى بىلەن جياۋ يۈلۇ، كۇڭ فەنسېنلارنى تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ. ئەخلاق كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا تەدرىجىي سىڭىپ، ئۇلاردا ئالىيجاناپ روھ ۋە مۇستەھكەم ئېتىقاد شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئالىملار ئەخلاقنى «ھاياتلىقنىڭ مۇددىئاسىنى تەڭشىگۈچ» دەپ تەرىپلىگەن. شۇنداق بولغانلىقتىن بەزىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازىكى، ھارامغا زادى قول سوزمايدۇ. مانا بۇ ئەخلاقنىڭ غايەت زور چەكلەش كۈچى.

**3. دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش زامانىۋى مەدەنىي دۆلەت قۇرۇشنىڭ توپ كاپالىتى**

دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان زور سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇ فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن بەلكى كەڭ ئاممىنىڭ پائال قاتنىشىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۈچ ھاسىل قىلىپ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بەرپا قىلىشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بىرىنچى، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. ياخشى ئىقتىسادىي مۇھىت بەرپا قىلىش،

25

2001

ھەم قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش يېتىدىغان مەقسەت ھەم قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى. ھازىر ئىقتىسادىي ئوبوروت ساھەسىدە يۈز بېرىۋاتقان ساختا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، قويمىچىلىق، پايدىنى كۆرۈپ ئىنساپنى ئۇنتۇش ھەتتا مال ـ دۇنيانى دەپ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتەك رەزىل قىلمىشلار قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇپلا قالماستىن، ئەخلاق كىرىزىسىنىڭمۇ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكى ھەم قانۇنچىلىق ئىگىلىكى ھەم ئەخلاق ئىگىلىكى. شۇڭا، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ھەم ئىقتىسادىي مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، قانۇن چىقىرىش سالمىقىنى زورايتىش، قانۇننىڭ چەكلەش كۈچى ۋە نوپۇزىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم ھەم كادىرلار ۋە ئاممىدا راستچىل، سەمىمىي، ھەققانىيەتنى قەدىرلەيدىغان، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان كىشىلىك ئەخلاق قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىككىنچى، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا قاتتىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش»، پۈتۈن خەلقنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. ئەخلاق ساپاسى ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن تەربىيىلىنىش ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان بىر قەدەر مۇھىم بولغان ئەخلاق ـ پەزىلەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئەتراپلىق ساپاسىنىڭ يادروسى. ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ ماھىيىتى ـ كىشىلەرنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان، مەدەنىيەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئېسىل ئەخلاق ساپاسى ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنمەيدۇ، بەلكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە ئارقىلىقلا يېتىلىدۇ. ئۈچىنچى، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» تا چىڭ تۇرۇش ـــ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. ئىسلاھات ھەر قايسى ساھەلەرگە چېتىلغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئەخلاق قىممىتىدىمۇ كۆپ مەنبەلىشىش بارلىققا كەلدى. كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ھەرىكىتى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىنىڭ سىنىقى ۋە زەربىسىگە دۇچ كەلمەكتە. پۇلغا چوقۇنۇش، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشتەك شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەدەپ كېتىشى ئەخلاق قىلمىشىدا كۆل رەڭ بەلباغنىڭ كېڭىيىشىگە سەۋەب بولماقتا. قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىۋېتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەر داۋاملىق يۈز بەرمەكتە. بۇ شەك ـ شۈبھىسىز قانۇن ۋاسىتىسى بىلەن قاتتىق زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەخلاق ۋاسىتىسىنىمۇ قوللىنىشنى، قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ رولى ۋە ئىقتىدارىنى تەڭ جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ زامانىۋى مەدەنىي دۆلەت قۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

( ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى )

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت

ئىزاھلار:

①« شىنجاڭ گېزىتى » ئۇيغۇرچە 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانى.

②« لۇنيۈي ھاكىمىيەت توغرىسىدا »، « شىنجاڭ گېزىتى » 1997 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى ئۇيغۇرچە سانىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

③يۇقىرىقىغا ئوخشاش

## سۈيۈق بولۇشنىڭ سەۋەبى

خېرىدار: بۇ سۈت بەك سۈيۈقكەن.

سۈت ساتقۇچى: شۇنداق، تۈنۈگۈن يامغۇر يېغىپ كالىلارنى ھۆل قىلىۋەتتى.

## ئاددىي مەسىلە

ئا: سەن بېلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

ب: بىلمەيمەن.

ئا: شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟، سەنمۇ بېشىڭنى سۇغا تىقىۋالساڭ، ئوخشاشلا بېلىقتەك گەپ قىلالمايسەنغۇ؟

2001

# پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا

جياڭ يۈەنۋېن

پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى تولىمۇ مۇھىم مەسىلە بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇزۇنغىچە مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا تولىمۇ مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇرۇش مەزگىلىدە پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدىكى شارائىتتا مۇكەممەلرەك قانۇنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ مۇمكىن بولمىغاچقا، پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستىسى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەت ئىدى. شۇڭا، پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن بولمىغانىدى.

ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، كونا جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە يالغان قانۇن سىستېمىسى پاچاقلاپ تاشلىنىپ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىلىشقا باشلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دەپسەندە قىلىنىپ، پارتكوم بىر قوتۇپلۇق رەھبەرلىك قىلدى. بارلىق ھوقۇق پارتكومغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئادەم ئىدارە قىلىش يۈرۈش قويۇق بولدى. پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قوتۇپلاشتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

«كۆپ ھاللاردا رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى قانۇن ئورنىدا قوللىنىلىپ، رەھبەرلەرنىڭ پىكرىگە زىت سۆزلەر قانۇنغا خىلاپ بولدى، رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى ئۆزگەرسە قانۇنمۇ ئۆزگەردى.» ①

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەپ، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدىكى «سولچىل» لىقنىڭ تەسىرىنى تەلتۆكۈس تازىلىدى. 1981 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چىقىرىلغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ بىر قانچە تارىخىي مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» دا «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى ھەممىيلەن قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، چېقىلىشقا بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ دۆلەتتىكى ئورنى ئېنىق بېكىتىلدى. 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۆتىنچى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى. بۇنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەر قايسى پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، بارلىق كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاساسىي قانۇننى تۈپ پائالىيەت مىزانى قىلىشى، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك.»

ئاساسىي قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: « ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. » پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان پارتىيە نىزامنامىسىدە « پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشى شەرت » دەپ تەكىتلەنگەن. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بۇ مەسىلە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويۇلدى. ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى قانۇنچىلىق ئىگىلىكىدۇر، قانۇنچىلىق ئىگىلىكى دۆلەتتىن ئاساسىي قانۇن ئاساسىدا مۇكەممەل بازار ئىگىلىكى قانۇن ـ نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى ۋە ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا دۆلەتنىڭ ئۇزۇنغىچە تىنچ ـ مۇقىم بولۇشى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر.

پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزىدۇ، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئۇنى ئىجرا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىدىن سىرت ھەر قانداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولمايدۇ. يەنى، پارتىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىكى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار پارتىيە رەھبەرلىكىدە تۈزۈلىدۇ ۋە يۈرگۈزۈلىدۇ؛ پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى قوغدايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە دېموكراتىيە ئاساسىدا دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى تۈزىدۇ. ئۇ پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلق مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىنىڭ بىرلىكىدۇر. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش خەلق مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى بولۇپلا قالماي، يەنە خەلققە ھۆرمەت قىلىش ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى مۇھىم كاپالەت ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم

پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى نەزەرىيە جەھەتتە ئېنىق بولسىمۇ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا بىر قىسىم قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بىرىنچى، پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرى قانۇن كاپالىتى جەھەتتە يېتەرسىز؛ ئىككىنچى، فېئودالىزمنىڭ قالدۇقى ۋە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم كىشىلەردە ھوقۇققا چوقۇنۇش خاھىشى شەكىللەنگەن بولۇپ، پارتىيىنى ھۆكۈمەت ئورنىغا قويۇش ۋە ھوقۇقنى قانۇندىن چوڭ كۆرۈش مەسىلىلىرى ساقلانماقتا. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزى تېخىچە ھەقىقىي كۆتۈرۈلمىدى، ئادەم ئىدارە قىلىش ئەھۋالى ئېغىر. پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟

1. رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ بېزىنىلگەن قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا يۈكسەك دېموكراتىيە ۋە مۇكەممەل قانۇنچىلىق بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتى ئوخشاشمايدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەن: «پارتىيە قۇرۇلتىيىدا قانۇن تۈزۈشكە بولمايدۇ.②» ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: «پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىن سىرت، ئىجرا قىلغاندا ھۆكۈمەتكە تايىنىش كېرەك.③» پارتىيىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا «پارتىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا سىياسىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.» دېيىلگەن. شۇڭا، مەمۇرىي ۋاستە، مەمۇرىي كۆرسەتمە ۋە مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشنى پەيدىنپەي قانۇنىي ۋاستە ۋە قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرىشكە ئۆزگەرتىش كېرەك. ھۆكۈمەت بېجىرىشكە تېگىشلىكلىرىنى شۇلارغا تاپشۇرۇش، باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بېجىرىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۇلارغا بېرىش، ھەممە ئىشقا پارتىيە ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقماسلىقى كېرەك. پارتىيە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشى، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلار، ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇستەقىل ۋە ماسلىشىپ خىزمەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغىلى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئابرۇيىنىمۇ قوغدىغىلى بولىدۇ.

**2. مۇكەممەل قانۇن قائىدىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇن بويىچە پارتىيىنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك**

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ماھىيەتتە بىر خىل ھوقۇق جەھەتتىكى رەھبەرلىك بولۇپ، ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى قانۇن بويىچە ئىلمىي بېكىتىلىشى كېرەك. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن كونكرېت بايان قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، قانۇن ئارقىلىق ھوقۇق قۇرۇلمىسىنى بېكىتىپ، ئاپپاراتنىڭ تەسىس قىلىنىشى، خىزمەت ھوقۇقى ئايرىمىسىنىڭ چەكلەش ۋە ماسلىشىش مۇناسىۋىتى بويىچە ھوقۇقنى بەلگىلەپ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئىش بېجىرگەندە بىر تۇتاش ئۆلچەم ۋە تەرتىپنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى قانۇن بويىچە بېكىتىپ، ئاشكارا، باراۋەر بولۇش ۋە رىقابەت ئارقىلىق ئىلغارلارنى تاللاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى بىلەت تاشلاپ سايلاش لازىم. ئۈچىنچى، قانۇن بويىچە چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، پارتىيىلىك كادىرلارغا قارىتا ئىمتىھان ئېلىش، باھالاش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، ۋەزىپىسىنى ئالماشتۇرۇش، چەتنەپ تۇرۇش، قالدۇرۇش ۋە پېنسىيىگە چىقىرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش لازىم. تۆتىنچى، قانۇن بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. بەشىنچى، ئاساسىي قانۇندىكى پارتىيە رەھبەرلىكىگە دائىر ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك تەشكىلاتلاردىكى پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ يادرولۇق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

**3. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك**

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىرى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي تەدبىر. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دۆلەتنى

2011

قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگەنلىك خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تۈرلۈك ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بېجىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قانۇنلىشىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇ خىل تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت ـ ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدىغان قىلىشتۇر.» دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋە ئېلىمىز ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم نەزەرىيە، شۇنداقلا يولداش جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن مۇھىم مەسىلە. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قانۇن يۈرۈشسە دۆلەت روناق تاپىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «يەنىلا قانۇنغا تايىنىش كېرەك، قانۇنغا تايانغاندا ئىشەنچلىك بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، مۇقىملىقنى ۋە ئىقتىسادنىڭ سېجىل تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاش ئۈچۈن ئادەم ئىدارە قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش زۆرۈر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادنىڭ قانۇنلىشىش جەريانىدۇر. قانۇن ـ تۈزۈم جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەڭشىگۈچىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇزۇنغىچە تىنچ بولۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شۇڭا، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تەۋرەنمەستىن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىدا مېڭىشىمىز لازىم.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن «پارتىيە ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارشى، كېيىنكىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ خېلى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان قاراش بولۇپ، تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان، نۆۋەتتە ۋە بۇندىن كېيىنكى خېلى مەزگىلگىچە يېتەكچى رول ئوينايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «غەربىي ياۋروپادىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نورغۇن ناچار ئەنئەنىلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان دېسەك، پارتىيىمىزمۇ گومىنداڭنىڭ بەزى ئەنئەنىلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان. بىر قىسىم يولداشلاردىكى، دۆلەتنى پارتىيە ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئېنىقكى گومىنداڭنىڭ ناچار ئەنئەنىسىنىڭ بىزدىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى.» دېڭ شياۋپىڭ «پارتىيە ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» نىڭ زىيىنى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى. «بىرىنچى، بۇ يولداشلار پارتىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھۆددىگە ئېلىۋېلىشى مۇتلەق ئەۋزەللىك دەپ چۈشىنىپ، ھەقىقىي ئەۋزەللىكنىڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. ھوقۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەۋزەللىك ئىشەنچلىك ئەمەس. ئىككىنچى، بۇ يولداشلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى، پارتىيە ھوقۇقى ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، دەپ قاراپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلىشىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ. بەزى جايلاردا پارتكومنىڭ ئۇقتۇرۇشى بولمىسا ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانلىرى ئاقمايۋاتىدۇ، نەتىجىدە پارتىيىسىز كادىرلارمۇ پارتىيىمىزنى، ئەڭ يۇقىرى ئورگان، دېيىشمەكتە. بەزىلەر سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر بىزدىن ئايرىلماقتا، ھەتتا بىزگە قارشى تۇرماقتا. نەتىجىدە خەلق ئاممىسى ھۆكۈمەتنىڭ كېرىكى قالمىدى، پارتىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارىماقتا. پۇل يىغقانمۇ، ئاشلىق يىغقانمۇ كومپارتىيە بولماقتا، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق پەرمانلىرى ۋە خاتا قارارلىرىمۇ كومپارتىيىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەكتە، پارتىيە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماقتا. ئۈچىنچى، بۇ يولداشلار ئاسانغا ئىنتىلىپ قىيىندىن قاچىدۇ، ئۇلار كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي، باشقىلارغا كۆرۈنۈشتىن ۋە پىكرىنىڭ ماقۇللانماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بارلىق مەسىلىلەردە پارتىيە ئەزالىرى كۆپرەك بولسا، قول كۆتۈرۈۋېتىسىلا ئىش پۈتىدۇ دەپ

2001

30

قاراپ، بۇنىڭ پارتىيىنى بىخەتەرلەشتۈرىدىغانلىقى، چىرىكلەشتۈرىدىغانلىقى ۋە ئاممىدىن ئايرىپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.» دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «بىز، گومىنداڭنىڭ پارتىيە بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، تەك بىر پارتىيە مۇستەبىتلىكىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنىڭ پارتىيىمىزگە تەسىر كۆرسىتىشىگە قارشى تۇرىمىز.④» شۇڭا، بىز پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلماسلىقتەك «بىر قوتۇبلۇق» ئەندىزىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ، پارتىيە بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، «پارتىيە ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» قا قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

**4. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يۈكسەك نوپۇزىنى تىكلەش لازىم**

سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئەڭ ئالىي بولۇش دېگىنىمىز خەلق ئىرادىسى ئەڭ ئالىي ۋە قانۇننىڭ نوپۇزى ئەڭ يۇقىرى بولۇشتۇر. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى مەركىزىي رەھبەرلىرى قانۇنچىلىق كۇرسىدا مۇنداق دېگەن: «نىسبەتەن ساغلام ۋە مۇكەممەل قانۇن ۋە تۈزۈم بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ئاجىز، ئىدىيىۋى سىياسىي ساپاسى تۆۋەن بولسا قانۇن ۋە تۈزۈمگە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئۇ شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ.» ئامېرىكىلىق داڭلىق قانۇنشۇناس پانت مۇنداق دەيدۇ: «بىر دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ قانچىلىك قانۇن ئېلان قىلغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى قانۇنلارنىڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلىشىگە قارىلىدۇ.» شۇڭا، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرۈش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يۈكسەك نوپۇزىنى تۇرغۇزۇشتا «ئادەم ئىدارە قىلىش» تىن «قانۇن ئىدارە قىلىش» قا ئۆتۈش، پۈتكۈل خەلقنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈش مۇھىم ئىجتىمائىي شەرت ۋە ئاممىۋى ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل خەلقنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارغا بولغان قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، قانۇن ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ ئىگىلەپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يۈكسەك نوپۇزىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

(«خەلق قۇرۇلتىيى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن قەدىرىيە ھەبىبۇللا تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم

ئىزاھلار:

①«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2 ـ توم 146 ـ بەت

②«لېنىن ئەسەرلىرى» 32 ـ توم 216 ـ بەت

③«ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 ـ توم 72 ـ بەت

④«دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 1 ـ توم 12 ـ 10 بەت

**ئىككى قۇلاق تۇتىشىدۇ**

بىمار: دوختۇر، ئوڭ قۇلىقىم ئاغرىۋاتسا، سىز سول قۇلىقىمنى تەكشۈرۈۋاتامسىز؟

دوختۇر: سول قۇلاق بىلەن ئوڭ قۇلاق تۇتىشىدۇ، «سول قۇلاقتىن كىرىپ ئوڭ قۇلاقتىن چىقىپ كەتتى» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ!

# « بىزگە گەپ كېرەك ئەمەس، نەپ كېرەك »

ئەسقەر مەمتىمىن

مەلۇم يېزىنىڭ مەلۇم كەنتىدە مۇخبىرلىق قىلىۋېتىپ، دېھقانلارنىڭ « بىزگە گەپ كېرەك ئەمەس، نەپ كېرەك » دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەسلىدە بۇ كەنت ناھىيە بويىچە نامرات كەنت بولۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى بىر قانچە ئورۇنلار بۇ كەنتنى يۆلەش ئوبيېكتى قىلغانىكەن.

بىر كۈنى چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىكىلەر كىرىپتۇ، ئۇلار « چارۋا بولمىسا ئوغۇت بولمايدۇ، ئوغۇت بولمىسا زىرائەت ئوخشىمايدۇ، زىرائەت ئوخشىمىسا قورساق توق بولمايدۇ، شۇڭا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا چارۋىچىلىقنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىش كېرەك، نۆۋەتتىكى ھالدا، خوتەن قويى، نى راۋاجلاندۇرۇش لازىم، چۈنكى قوينىڭ مايىقى ئوغۇت، يۇڭى، تېرىسى پۇل، گۆشى بولسا قۇۋۋەت، خوتەن قويىنىڭ يۇڭى ئاق بولغاچقا، خەلىغان رەڭدە بوياپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە گىلەمچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا باپ كېلىدۇ. سىلەر دەرھال چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھەققىدە پىلان تۈزۈپ دوكلات يېزىڭلار » دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

ھەپتە ئۆتمەيلا ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكىلەر كەنتكە كېلىپ بىر سائەت تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ: « كەنتىڭلار قۇرغاق بولۇپ، قۇم ـ بوراننىڭ ئاپىتى كۆپ بولغاچقا، دېھقانلار ئاشلىقتىن، پاختىدىن ھوسۇل ئالالماي نامرات بولۇپ كەتكەن گەپ. شۇڭا ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، قۇم ـ بوراننى تىزگىنلەش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، باغۋەنچىلىك ئارقىلىق كىرىم كۆپەيتىش كەنتىڭلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئورمانچىلىق قۇم ـ بوراننى توسۇپ، قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتىپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلايدۇ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى تىزگىنلەيدۇ، بۇ دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق، ئورماننىڭ غازىڭى، شاخلىرىدا چارۋا باققىلى بولىدۇ. بىر تۈپ تېرەك كۆچىتىنى 50 فۇڭغا سېتىۋېلىپ تىكسە 10 يىلدا 15 ـ 20 يۈەنلىك ياغاچ بولىدۇ . بىراق 50 فۇڭنى دۇنيادىكى ھەر قانداق بانكىغا ئامانەت قويسا 15 ـ 20 يۈەنلىك ئۆسۈم چىقمايدۇ. ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ شۇڭا سىلەر ئورمانچىلىققا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش توغرىسىدا پىلان تۈزۈپ دوكلات يېزىڭلار ... » دەپتۇ.

ـ قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى مۇھىم، ـ دەپتۇ دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكىلەر، ـ قورساق مەسىلىسى ھەل بولمىسا چارۋا باققىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئۆرە تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۆرە تۇرالمىغان ئادەم ئورمان كۆچەتلىرىنى تىكەلمەيدۇ، پەرۋىش قىلالمايدۇ، سىلەر خام خىيالنى قويۇپ، يىرىك يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىش يولىدا مېڭىشىڭلار لازىم. ئاشلىق ئاساسنىڭ ئاساسى، بۇ نۆۋەتتىن تەۋرەنمەي، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىش ھەققىدە پىلان تۈزۈپ دوكلات يېزىڭلار ...

ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدىكىلەر مۇنداق ئەقىل كۆرسىتىپتۇ:

ــــ سۇيىڭلار قىس بولغاننىڭ ئۈستىگە، سۇغىرىش شارائىتىڭلار بەك ناچار ئىكەن، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، يازدا كەلكۈن ئاپىتى زىرائەت، ئورمان، چارۋىلارغا زور زىيان سالىدۇ. ئەتىيازدا زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتسە، مايسا تولۇقلاپ چىقىم تارتىسىلەر، يازدا نۆرغۇن كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى، ئورمان، باغ ـ ۋارانلارنى، چارۋىلارنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپتۇ. سۇغىرىش شارائىتىڭلارنى ياخشىلىمىغۇچە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايسىلەر، سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى. سۇ بولمىسا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ سىلەر دەرھال پىلان تۈزۈپ دوكلات يېزىڭلار، سۇغىرىش شارائىتىڭلارنى ياخشىلاپ بېرەيلى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدىكىلەر بۇ كەنتتە « تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ » مۇنداق ئەقىل كۆرسىتىپتۇ:

ــــ سۇغىرىش شارائىتىڭلار ياخشىلىنىدىغان بوپتۇ، بىز ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ سىلەر ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىڭلار، سىلەر ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق تېرىمىغاچقا ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن ئىكەن، « قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى » ھەل بولمىغاچقا دېھقانلار نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان گەپ. سىلەرنى بىز ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيلى، ئېنىقكى جەھەتتە يېتەكلەيلى، ئەلا ئۇرۇق مەھسۇلاتىنى سېتىپ بېرىشكە بىز كېپىل بولايلى، سىلەر كەنتنى « ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش كەنتى » قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا پىلان تۈزۈپ بىزگە دوكلات يېزىڭلار، بىز

كەنتتىكىلەردىكى نامرات دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈشتە بار كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىمىز.

— پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، — دېيىشتى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدىكى كادىرلار، ـ بىز تەكشۈرۈپ كۆردۇق، كەنتتىكىلەرنىڭ نامرات بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب پەن ـ تېخنىكىغا تايانمىغانلىقتا. شىلەر يىلان تۈزۈپ دوكلات بېرىڭلار، دېھقانلارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۇرسقا قاتناشتۇرۇپ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ بېرەيلى.

شۇنداق قىلىپ دېھقانلار «دانىشمەنلەر» نىڭ «ئەقىل» كۆرسىتىشى بىلەن، گەرچە ماددىي جەھەتتە نامرات بولسىمۇ، بېيىش «تەدبىر» لىرىگە «باي» بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بىز ھازىر قايسى تەدبىرنى قوللىنىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدۇق. بىزگە قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئەمەلىي ئىش كېرەك ئىدى.»

## يېڭى باشلىق ياراتقان يېڭىلىقلار

يېقىندا مەن يېزىلاردا مۇخبىرلىق قىلىۋېتىپ، بىر يېزا رەھبىرىنىڭ «يېزىمىزدا يېڭىلىق كۆپ، ھەر قېتىم يېڭى باشلىق كەلسە بىر يېڭىلىق يۈز بېرىدۇ، باشلىق يېڭىلانمىسا يېڭىلىق يۈز بەرمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ گەپكە قىزىقىپ قالدىم.

— قانداق يېڭىلىق دەمسىز؟، ـ دېدى ھېلىقى رەھبەر، ـ ئىلگىرى يېزىمىز بويىچە 32 مىڭ مو تېرىلىدىغان بۇغداينىڭ رەت يۆنىلىشىنى كەنت ـ مەھەللە باشلىقلىرى يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەيتتى، قايسى يىلى بىر يېڭى باشلىق كېلىۋىدى، بارلىق سالا ئېتىزلارنىڭ رەت يۆنىلىشىنى شەرقتىن غەربكە پاراللېللاشتۇردۇق، باشلىقنىڭ ئەيتىشىچە شۇنداق قىلغاندا بۇغداينىڭ رەت يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە پاراللېل بولسا شامال تولۇق ئۆتۈشۈپ، مايسىلار ساغلام ئۆسىدىكەن. ئىككىنچى يىلى يەنە بىر يېڭى باشلىق كېلىۋىدى، بىر يېڭىلىق ياراتتى. «بۇغداي مايسىلىرى شامالغا ئەمەس، كۈن نۇرىغا تەشنا، رەت يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە بولسا شامال ياخشى ئۆتۈشكەن بىلەن، ئالدىنقى رەت بۇغداي مايسىسىنىڭ سايىسى كېيىنكى رەتكە چۈشۈپ، كۈن نۇرىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇڭا مايسىلىك رەت يۆنىلىشىنى جەنۇبتىن شىمالغا پاراللېل قىلىش كېرەك» دېدى يېڭى باشلىق. شۇنداق قىلىپ بارلىق مايسىلارنىڭ رەت يۆنىلىشىنى جەنۇبتىن شىمالغا پاراللېللاشتۇردۇق.

— قايسى خىل ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلسا مەھسۇلات ئاشىدىكەن؟ ـ سورىدىم قىزىقىپ.

— يېزىمىزدا مەھسۇلات كەملەيدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى بىزدە نەچچە مىڭ مو بوز يەر بار. كەنتتە مەھسۇلات كەملىسىمۇ، بوز يەرنىڭ مەھسۇلاتىنى تولۇقلاپ «ئاشتى» دەپ يوللاۋېرىدىغان گەپ.

— كېيىنكى باشلىقلارمۇ يېڭىلىق ياراتتىمۇ؟

— ئەلۋەتتە. ئالدىنقى يىللاردا كەلگەن يېڭى باشلىق يېزىمىزنىڭ كىلىماتىنىڭ قۇرغاق، قۇم ـ بوران كۆپ چىقىدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئەلىنىش يېشىل سېپىلى» بەرپا قىلدى. كېيىن كەلگەن يېڭى باشلىق يېزىمىزنىڭ نامرات بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى «تېپىپ چىقىپ»، «كېسەل» گە قاراپ دورا بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «باغۋەنچىلىكنى دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈشتىكى تۈۋرۈك كەسىپ قاتارىدا تۇتۇش تەدبىرى» نى ئوتتۇرىغا قويدى ـ دە، بارلىق مۇداپىئە ئورمانلىرىنى كېسىپ، ياڭاق، ئۆرۈك، چىلان، شاپتۇل، ئۈزۈم تېپى قاتارلىق ئىقتىسادىي ئورمان سالغۇزدى. بۇ «ھويلا ئارام ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش» دەپ ئاتالدى.

— سىزنىڭچە مۇشۇ يېڭىلىقلارنىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك بولدى؟

— ئۈنۈمى «ئالاھىدە يۇقىرى» بولدى. يېزىمىز يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ سىناق نۇقتىسىغا ئايلاندى، يېڭىلىق ياراتقۇچىلار يۇقىرى ئۆرلەۋەردى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم: ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبىرىي كادىرلار ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلغاندا دېھقانلارغا پايدىسى بارمۇ ـ يوق، دېھقانلار قوبۇل قىلالامدۇ ـ قانداق؟ كۆللىكتىپ ئىگىلىكنى زورايتىشقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىسى بارمۇ ـ يوق؟ خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىقمۇ ـ يوق؟ بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ئەپسۇس...!

(ئاپتور «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىش، دېھقانلارغا ئاق ھۆججەت بېرىدىغان، باھا ۋە دەرىجىنى قالايمىقان چۈشۈرىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەسىلە سېزىلسە ۋاقتىدا تۈزىتىش ياكى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش كېرەك؛

3 ) پۈتكۈل پاختا سېتىۋېلىش جەريانىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنىڭ ئېنىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك؛

4 ) پاختا سېتىۋېلىش جەريانىدا، پاختا بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى قاتتىق ساقلاش كېرەك. بۇنىڭدا مۇناسىۋەت پاختىسى، توغقانچىلىق پاختىسى دەپ سېتىۋالىدىغان خاھىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش، زۆرۈر تېپىلسا پاختىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك.

5 ) پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى جەريانىدىكى تەشۋىقات، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بولۇپمۇ ھەر قايسى پاختا سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ـ قوغداش تەدبىرلىرىنى دەل جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

**پەرھات بارات**

# بۈگۈر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بۈگۈر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم رەھبەرلەر، ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىرى، يېزا، بازار باشلىقلىرى، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىدىن يۇقىرى رەھبەرلىرى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىدىكى خادىملار يىغىنغا قاتناشتى.

بۈگۈر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھوشۇر ئەمەت خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىق شانلىق تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

يىغىندا 30 نەچچە ئورۇن گۈل ۋە خاتىرە بۇيۇم سوۋغا قىلىپ، بۈگۈر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلىرى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىدىن بولۇپ 50 دىن ئارتۇق ئورۇن تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى رولىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىققان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكى 84 خادىم قانۇن بىلىملىرىدىن ئىمتىھان بەردى.

ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو ئارقىلىق « ئاساسىي قانۇن » ، « تەشكىلىي قانۇن » ، « خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى » ۋە ھەر خىل تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق رەڭدار، مول مەزمۇنلۇق تەشۋىقات پائالىيىتى ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى.

**بانىگۈل ھەسەن**

## توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھەر قايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە خىزمەتلىرىگە بولغان كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى دائىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا يېقىندىن ياردەم بېرىپ، يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، خ ق ھەيئەت رىياسىتى بىلەن ھۆكۈمەت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى نازارەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇردى. ھەممە ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ياخشى ئېچىلىشىغا مەدەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۆز ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرۇش بىلەن بىرگە ھەر يىلى يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قارىتا 1 - 2 قېتىمغىچە ئۆز ئارا باھالاپ سېلىشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

نۆۋەتتە، خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يىلدا بىر قېتىم خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ رەئىسلىرىنى، كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈچ قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 100 دىن كۆپرەك ئادەم قېتىم تەربىيىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتە يېزا، ئىككى بازارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسلىرىنى مەخسۇس تەشكىللەپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرگە ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى كۆرسىتىش، ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش شۇنداقلا ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى تەشكىللىگەن يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە خەلق قۇرۇلتىيى بىلىملىرىگە ئىگە قىلدى.

پەرھات بارات

## قورغاس ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى « ئوتلاق قانۇنى » نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيە بويىچە « ئوتلاق قانۇنى » نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇلتۇر 9 - ئايدا قىسمەن ۋەكىللەرنى ناھىيە بويىچە « ئوتلاق قانۇنى » نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋەكىللەر ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا نۇرغۇنلىغان ياخشىلاش پىكىرلىرىنى بەردى ھەمدە بۇ تەكلىپ، پىكىرلەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. بىر يىللىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق تەكلىپ، پىكىرلەر ئەمەلىيلەشتى.

بىرىنچىدىن، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى. « كا-

دىرلارنى توّتلەشتۈرۈش » تەلەپى
بويىچە رەھبەرىي كادىرلارنى سەپ-
لەپ ، خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ
ئاشۇردى . ئىككىنچىدىن ، ناھىيە
بويىچە ئوتلاقلارنى تەكشۈرۈش
خىزمىتى ئاساسەن ئاياغلاشتى .
ئۈچىنچىدىن ، « ئوتلاق قانۇنى »
ۋە « ئوتلاق قانۇنى » نى يولغا قويۇش
تەپسىلىي قائىدىسىنى يەنىمۇ ئىز-
چىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئوتلاق باش-
قۇرۇش تارماقلىرى ئالاقىدار چارە-
تەدبىرلەرنى تۈزدى . تۆتىنچىدىن ،
ئوتلاق باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ
قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى
ئاشۇردى . بەشىنچىدىن ، ناھىيە-
لىك چارۋىچىلىق تارماقلىرى بۇ
يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چارۋى-
چىلىقنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئىك-
كى قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى
ئەۋەتىپ ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچە-
قىرىشنىڭ ۋەزىيەتلىرىنى ۋاقتىدا
ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئىشلەپچىقى-
رىش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى .
ئالتىنچىدىن ، ئاساسىي قاتلامدىكى
چارۋىچىلىق كادىرلىرىنىڭ سۈپى-
تىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، پىلان
بويىچە ھەر يىلى بىر تۈركۈم كەس-
پىي كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن كۇرسقا
ئەۋەتىپ ، بۇ خىزمەتنى ئۈچ يىل
ئىچىدە تاماملايدىغان بولدى . يەت-
تىنچىدىن ، ئوتلاق باشقۇرۇش ھوق-
قى ئۆلچىمى ۋە ئىشلىتىش دائىرى-
سىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى .
سەككىزىنچىدىن ، چېكىنىپ كەت-
كەن 10 مىڭ مو ئوتلاقنى ئۆزگەر-
تىش ، قۇملىشىپ كەتكەن 30 مىڭ
مو ئوتلاقنى تېزگىنلەش يېزا ئىگىلىك
مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تۈر قى-
لىندى . شۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەر-
نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ئوتلاق
ماجىراسى مەسىلىلىرىمۇ مۇۋاپىق
ھەل بولدى . مەسىلەن : كەيگەن
چارۋىچىلىق مەيدانى چارۋا كەنتىدى-
كى ئىزامىدىن قاتارلىق مالچىلار-
نىڭ مىڭ مو ئوتلاق يېرىنى قانۇن-
سىز ھۆددىگە بېرىش مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ناھىيىلىك
ئەرزىيەت ئىدارىسى ، ئوتلاق باشقۇ-
رۇش پونكىتى ، كەيگەن چارۋىچى-
لىق مەيدانى 2001 - يىلى 4 - ئايدا
ھۆددىگەر كىشى بىلەن كېڭىشىش
ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل
قىلدى . كەيگەن ساقچىخانىسى 180
مو ئوتلاق ئاچقان بولۇپ ، ناھىيە-
لىك ئوتلاق باشقۇرۇش ئورۇنلىرى
خىزمەت ئىشلەش ۋە ناھىيىلىك
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق
رەھبىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يۈز
مو ئوتلاق كەيگەن ساقچىخانىسىغا
بېرىلدى . 80 مو ئوتلاق تۆت مال-
چىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى .

ئەركىن غۇلامىدىن

# كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە كۈچ قوشتى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئۇ-
زۇن يىللاردىن بېرى نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسى قىلىنغان
ئارالئېرىق كەنتىدىكى قازىناق ئې-
چىش رايونىدا جاپالىق ئىشلەپ بوز
يەر ئېچىۋاتقان ئەمگەكچىلەردىن
سەمىمىي ھال سورىدى .
بۇ خ ق دائىمىي كومىتېتى
يار - يۆلەك بولۇشنى ھەر ۋاقىت
ئېسىدىن چىقارماي ، نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسى قىلىپ تۇت-
قان ئارال يېزا ئارالئېرىق كەنتىگە
بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ماددىي
ھەم مەنىۋى جەھەتتە يار - يۆلەكتە
بولۇپ نامراتلارنى زور ھەجىمدە ئا-
زايتتى . يېقىندا ناھىيىلىك پارت-
كومنىڭ بوز يەر ئېچىپ يەر
كۆپەيتىش چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز
قوشۇپ ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ
جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئارالئېرىق

كەنتىدىكى بارلىق ئەمگەكچى خەلقنى 395 يۈەن قىممىتىدە گۆش، گۈرۈچ، سۇ مېيى، سەۋزە، چاي قاتارلىق ماددىي بۇيۇم بىلەن يوقلاپ ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە كۈچ قوشۇپ، ئۇلارغا ئىلھام بەخش ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ماددىي بۇيۇمنى تاپشۇرۇۋالغان دېھقانلار خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر ۋاقىت خەلقنى ئويلاپ، دەردىگە دەرمان بولۇشتەك ئالىيجاناپ روھىغا رەھمەت ئېيتتى.

ئەخمەتجان ھېيت

# ئاقسۇ شەھىرىدىكى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلماقتا

ئاقسۇ شەھىرىدىكى ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېزىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق 5 يېزا، 2 بازاردا 1990 ـ يىلى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە 6 قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنى باشتىن كەچۈردى. 397 نەپەر يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 62 ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ۋەكىللەر پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇلغان ئون يىلدىن بۇيان، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئەمەلىيەت داۋامىدا كەسپىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى نەتىجىسىدە يېزا ـ بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەدرىجىي تۈزۈملىشىش، مۇنتىزىملىشىش، قېلىپلىشىشقا يۈزلەندى. ھەر قايسى يېزا ـ بازارلاردا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس بولۇش، كاتىپ بولۇش، قاتناش، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇش، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتى كاپالەتكە ئىگە بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىغان، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتلەردە ئاساسىي قاتلام يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان بولدى. يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا كەنت كادىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كەم تاپشۇرغان 323 مىڭ يۈەن سۇ ھەققى، يەر باشقۇرۇش رەسمىيەتلىرىدىن كەم تاپشۇرغان 158 مىڭ 193 يۈەننى ئېنىقلاپ چىقىپ، تولۇقلاپ يىغىۋالدى. كادىرلار قەرز ئېلىپ قايتۇرمىغان 12 مىڭ 800 يۈەننى قايتۇرۇۋالدى.

خەلچەم سامساق

بۇ سانىدىكى خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر مامۇت

# ماڭا قايتۇرۇلغان دۇكاننى ئىجارىگە بەرسەم بولامدۇ ؟

**يولداش مۇھەررىر :**

يېقىندا مەھكىمىمىز كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن مەتروزى كاۋاپچى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆي ئىجارە دېلوسىنى قاراپ چىقىپ ئىجارە ھەققىنى پارتكوم ئىشخانىسىغا، تاماق پۇلىنى مەتروزى كاۋاپچىغا تۆلەش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندىن باشقا، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ مەتروزى كاۋاپچى پارتكوم ئىشخانىسى دۇكىنىغا يانداپ سالغان بىر ئېغىزلىق دۇكان مەتروزى كاۋاپچىنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇلسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقارغان. قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە تەرەپلەر نارازىلىق ئەرز بىلدۈرمىگەندىن كېيىن، دېلودىكى مەتروزى كاۋاپچى ئۆزۈم سالغان بىر ئېغىزلىق دۇكان ماڭا قالدۇرۇلۇپتۇ، مەن دۇكاننى باشقىدىن بىزەپ باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىمەن، مۇشۇنداق قىلسام بولارمۇ ؟ دەپ مەندىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ. مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي سىلەرگە بۇ خەتنى يازدىم جاۋاب بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن مەتتۇرسۇن مۇھەممەت**

**يولداش مەتتۇرسۇن مۇھەممەت :**

خېتىڭىزدە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، سوت مەھكىمەڭلار ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن مەتروزى كاۋاپچى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆي ئىجارە دېلوسىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن تەرەپلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە نارازىلىق ئەرز بەرمەپتۇ. دېمەك، بۇ ھۆكۈم قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولدى دېگەن سۆز. ھۆكۈمدە « مەتروزى كاۋاپچى پارتكوم ئىشخانىسىغا يانداپ سالغان بىر ئېغىزلىق دۇكان مەتروزى كاۋاپچىنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇلسۇن. » دەپ يېزىلغان بولسا، مەتروزى كاۋاپچى ھۆكۈمگە ئاساسەن ئۆزى سالغان بىر ئېغىزلىق دۇكاننى قايتىدىن بېزەشكە ھەمدە باشقىلارغا ئىجارە بېرىشكە ھوقۇقلۇق. بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمدە ھېلىقى بىر ئېغىزلىق دۇكان ھەققىدە مەتروزى كاۋاپچىنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇلسۇن دېيىلگەن بولۇشى كېرەك. تەرەپلەرنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشىنى قوللاش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئەركىن روزى

## يىغىنە سانجىش

بىمار: دوختۇر، تۆنۈگۈن ئۆيگە قايتىپ، بىر تال يىڭنىنىڭ بەدىنىمدىن تارتىۋېتىلمىگەنلىكىنى بايقاپ قالدىم.

دوختۇر: ئەندىشە قىلماڭ، بىز يىڭنە سانجىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا ھەق ئالمايمىز.

## ئالما ئۈزۈش

مۇئەللىم: ئالمىنى قايسى ۋاقىتتا ئۈزگەن مۇۋاپىق ؟

ئوقۇغۇچى: باغدىكى ئىتنى باغلاپ قويغان ۋاقىتتا.

2001

40

# دۆلەتخان روزى خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، يەكەن ناھىيە باغئاۋات يېزا ئاپا ئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دۆلەتخان روزى ۋەكىل بولۇپ سايلانغاندىن باشلاپ، يەكەن ناھىيىسىگە قاراشلىق زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئېگەرچى، بەشكەنت، قاراسۇ، باغئاۋات، ئالامەت، ئازادباغ قاتارلىق يەتتە يېزا - بازاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلاندى. نەتىجىدە بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بىر قىسىم يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ دېھقانلاردىن ئەھۋال ئىگىلىدى. ھەممە دېھقانلار كۈچلۈك ئىنكاس قىلغان زەرەپشان دەرياسىنىڭ يەتتە يېزا - بازارغا بارىدىغان تاشلىق كېمىسىگە كۆۋرۈك سېلىپ بېرىش ئىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولمىغانلىقىنى، بۇ ئىشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى. ھەممە يەنە قاراسۇ، باغئاۋات يېزا دېھقانلىرىنىڭ بىزنىڭ يېزىلىرىمىزغىمۇ بازار قۇرۇپ بېرىلسە، دېگەن تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇردى. بىر قىسىم يېزا - كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپىغا دېھقانلاردىن يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەر خىل پۇل مۇئامىلىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن باشقا، دېھقانلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئۇقۇشۇپ، كىچىك مەسىلە بولسا شۇ جايدىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىپ تۈزىتىشنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى دېھقانلارغا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر، تەكلىپىنى ياخشى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خەلق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە نامايان قىلدى.

نۇردىن سابىر

## مىكيان قىلالامدۇ ؟

يازغۇچى: مەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان، شۇڭا، بۇ ئەسەرگە تەنقىد يېزىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

ئاشپەز: شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! مەن بۇ ھاياتىمدا تۇخۇم تۇغۇپ باقمىغان، بىراق تۇخۇمدىن ئېسىل تائاملارنى تەييارلىيالايمەن، لېكىن مىكيان قىلالامدا!

## بىلمىدىم

بىر قىز يىگىتىگە تېلېفون بەردى.

- ۋەي، ھازىر مەن بەك قورقۇۋاتىمەن، تېلېفون بوتكىسىنىڭ سىرتىدا يەتتە، سەككىز ئادەم ماڭا تىكىلىپلا تۇرۇۋاتىدۇ.

-نېمە ئۈچۈن ؟

-بىلمىدىم.

-قانچىلىك ۋاقىت بولدى ؟

- بىر سائەتتىن ئاشتى.

41

2001

# قەشقەردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئەجدادلىرىمىز تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تارىم ۋادىسى ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە تەبىئىي شارائىتى بىلەن ئارخېئولوگلار، گېئولوگلار، پالېئونتولوگلار، ئانتروپولوگلار، تارىخشۇناسلارنىڭ يېشەلمەيۋاتقان ئىلىم-پەن سىرلىرىنى يېشىشىدە مۇئەييەن كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ئېلىمىزدە ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسىدىكى كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى قېزىلىپ دۇنيا ئارخېئولوگىيە ئىلمى ساھەسىدىكى قىسمەن بوشلۇقلارنى تولدۇردى. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بايقىلىشى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى قىسمەن بوشلۇقلارنى تولدۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەڭ يېڭى مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ بولغان شەھەر مەدەنىيىتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىم ۋادىسىدىن ھازىرغىچە 100 دىن ئارتۇق قەدىمكى شەھەر خارابىسى بايقالغان. «يىپەك يولى مەدەنىيەت قامۇسى» دا 120 دىن ئارتۇق شەھەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. تۆۋەندە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شەھەر خارابىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

## 1. خانئۇي قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ شەھەر خارابىسى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°14′–15′ بىلەن شىمالىي مېرىدىئان 39°34′–35′ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 1.9 كۋادرات كىلومېتىر.

1907-يىلدىن 1983-يىلغىچە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى بۇ جايدا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇپ، ھەر قايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان تۆشۈكلۈك ۋە تۆشۈكسىز يارماق پۇللار، ھەر خىل رەڭدىكى ساپال پارچىلىرىنى تاپقان ھەمدە خارابىنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن مىلادى 13-ئەسىرگىچە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

## 2. توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ شەھەر خارابىسى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى تۇمشۇق تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°2′6″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°58′45″ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 250000 كۋادرات مېتىر.

بۇ خارابىدىن ئىلگىرى-ئاخىر قەدىمكى ساك تىلى، سانسكرىت تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تىللاردا يېزىلغان تارشا پۈتۈك، ھۆججەتلەر ۋە بۇت-ھەيكەللەر، ساپال پارچىلىرى، ھەر خىل مىس بۇتلار، نەفىس توقۇلما بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. ئارخېئولوگلار خارابىنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادى 618–1279-يىللارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا.

## 3. شەھدىيار قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ شەھەر خارابىسى قاغىلىق ناھىيە لوق يېزا موغاللار كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°32′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 37°53′ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 15

كۋادرات كىلومېتىر . بۇ شەھەر 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇرۇلغان. بۇ جاي 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشكە باشلىنىپ بولۇپ، ئۇ يەردىن تاش پىچاق، ساپال پارچىلىرى، قەدىمكى پۇل، كۆيگەن توپا ئىزى قاتارلىقلار تېپىلغان.

## 4 . ئەسكىسار قەدىمكى شەھرى خارابىسى

بۇ شەھەر خارابىسى قەشقەر شەھرى شامالباغ يېزا ئەسكىسار كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئېرىدىئان 01′ ‎76°00′‎ بىلەن شىمالىي پاراللېل 28′ ‎39°27′‎ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 59000 كۋادرات مېتىر.

بۇ خارابىدىن ھازىرغىچە بىر قىسىم قەدىمكى پۇل، ساپال بۇيۇم، ھەر خىل سۆڭەك پارچىلىرى، ھەر خىل گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. تارىخىي خاتىرىلەردىكى بىر قىسىم مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادى 8 ـ يىلغىچە بولغان دەۋردىكى سۇلې دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغانىكەن.

## 5 . يۇمىلاق شەھەر خارابىسى

بۇ شەھەر خارابە ئىزى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدىكى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى ( ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) غا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئېرىدىئان 37″ ‎75°58′36″‎ بىلەن شىمالىي پاراللېل 10″ ‎39°28′09″‎قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 1250 كۋادرات مېتىر.

يۇمىلاق شەھەر قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى تاشقى شەھەر خارابە ئىزى بولۇپ، مىلادى 1762 ـ يىلى بىنا قىلىنغان.

## 6 . بايخان قەدىمكى شەھەر خارابىسى

بۇ شەھەر خارابىسى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە هاراپ يېزا ئاياغ جىلغا كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئېرىدىئان 45″ ‎76°47′44″‎ بىلەن شىمالىي پاراللېل 35″ ‎38°58′34″‎قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 250000 كۋادرات مېتىر.

بۇ يەردىن يۇمشاق ۋە يىرىك قۇملار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل ساپاللار، تۆمۈر پارچىلىرى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ مىلادى 5 ـ، 13 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن.

## 7 . ھىسار قەدىمكى شەھرى ئىزى

بۇ ئىز يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا يېزا تۆۋەن تېگىن كەنتى بىنام مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئېرىدىئان 56′ ‎77°55′‎ بىلەن شىمالىي پاراللېل 16′ ‎39°15′‎ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 15000 كۋادرات مېتىر.

بۇ ئىزدىن ھەر خىل شەكىلدىكى رەڭلىك ساپال بۇيۇملار، ھەر خىل نەقىشلەر ئويۇلغان قولاقلىق كومزەكلەر، مېتال پۇللارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. تېپىلغان ساپال پارچىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن قارىغاندا، ھىسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادى 5 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

## 8 . چوققىلىق قەدىمكى شەھەر خارابىسى

بۇ خارابە يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزىسىنىڭ 17.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئېرىدىئان04′ ‎77°03′‎ بىلەن شىمالىي پاراللېل 15′ ‎39°14′‎ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر.

بۇ خارابە ئورنىدىن ھەر خىل شەكىلدىكى تەڭگە پۇل، چۆيۈن چىراغ، داڭقان، تامغا، خورجۇن قاتارلىق نەرسىلەر ۋە كۆپلىگەن ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. دەۋرى مىلادى 5 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

## 9 . ياغاچ ئايۋان قەدىمكى شەھرى

بۇ شەھەر خارابىسى يوپۇرغا ناھىيە تېرىم

يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 13 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، خارابىلىقتىن تاش كۇپ، تاش چۆگۈن، چۆيۈن قازان، چۆيۈن داڭقان، قىل خورجۇن ۋە ھەر خىل تەڭگە پۇل، تامغا قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلغان. ئەپسۇسكى، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق.

## 10 . ئاپاق خوجا مەيدان قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ قەدىمكى شەھەر پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبۇيى يېزىسىنىڭ 25.8 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°49′ ـ 50′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°18′ ـ 19′ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى ئىككى كۋادرات كىلومېتىر. بۇ جايدىن سېپىل قالدۇقى، سېغىزدىن ۋە ئۇششاق شېغىل قۇمدىن ياسالغان ساپاللار ئۇچرىتىلغان بولۇپ، ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمى چاق بىلەن سىلىقلانغان. دەۋرى مىلادى 618 ـ 907 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

## 11 . دۆڭ دۆۋە شاخاستى قەدىمكى شەھىرى ئىزى

بۇ ئىز پەيزاۋات ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىنىڭ 6.6 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا ( دۆڭدۆۋەي كەنتىگە ) جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°51′40″ ـ 41″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°28′25″ ـ 26″ قا توغرا كېلىدۇ. ئايلانمىسى بىر كىلومېتىر.

بۇ يەر ئېچىش جەريانىدا بۇ جايدىن ساپال پارچىلىرى، مىس، تۆمۈر قوراللار تېپىلغان. بۇ شەھەر مىلادى 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان.

## 12 . چۆل قازاق قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر قاغىلىق ناھىيە جاڭگىلئەسكى يېزا كۆكجىگدە كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°29′48″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 38°07′37″ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر.

ئىز دائىرىسىدىن ساپال پارچىلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. قەدىمكى شەھەردىن تېپىلغان ساپال پارچىلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ئېغىزىنىڭ شەكلى قاتارلىق ئالاھىدىلىكتىن قارىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ يىل دەۋرى بىر قەدەر ئىلگىرى بولۇپ، ئەڭ كېيىن بولغانىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادى 316 ـ يىللارغا قەدەر بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

## 13 . توپلۇق شەھەر ئىزى

بۇ قەدىمكى شەھەر ئىزى يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 12 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°20′12″ ـ 13″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 38°45′ ـ 46′ قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىر.

بۇ ئىزدىن ساپال پارچىلىرى كۆپلەپ تېپىلغان بولۇپ، ساپاللارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئېھتىمال 618 ـ 1279 ـ يىللارغا تەئەللۇق بۇيۇملار بولۇشى مۇمكىن.

## 14 . قارا يۇلغۇن دەقيانۇس شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە ئىزى پوسكام ناھىيە يەما يېزا قارايۇلغۇن كەنتىنىڭ 2.5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°22′43″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 33°17′46″ قا توغرا كېلىدۇ.

بۇ جايدىن ئاز مىقداردا ساپال پارچىلىرىنى ۋە سۆڭەكلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس.

## 15 . يار قورغان قەدىمكى شەھەر ئىزى

بۇ ئىز كونا شەھەر ناھىيە ئوپال يېزا قۇمباغ كەنتىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°30′25″ ـ 26″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°18′12″ ـ 13″ قا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 15 مىڭ

كۋادرات مېتىر. يىل دەۋرى مىلادى 3 ـ 9 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن.

## 16. ھاغچا قەدىمكى شەھىرى ئىزى

بۇ ئىز كونا شەھەر ناھىيە ئوپال يېزا كۆكچى كەنتىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "17 ‒ "75°25′16 بىلەن شىمالىي پاراللېل "20 ‒ "39°17′19قا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 90 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇ جايدىن ساپال پارچىلىرى، ياغاچ تاۋۇت تېپىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا دەۋرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن.

## 17. غىجەك بويى قەدىمكى شەھىرى ئىزى

بۇ ئىز تاشقورغان ناھىيە دېپتەر يېزا غىجەك بويى كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "36 ‒ "75°22′35 بىلەن شىمالىي پاراللېل "05 ‒ "37°14′04قا توغرا كېلىدۇ. ئۇ جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 644 مېتىر. شەھەردە 38 ئېغىز ئۆي ساقلىنىپ قالغان. يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئىچىدە شېغىل ئارىلاش قىزىل ئەستەرلىك ساپاللار، قىزىل ساپاللار ھەمدە قاچا، تەخسىگە ئوخشاش باشقا ساپال بۇيۇملار بار. ئۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردىن مىلادى 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان چاغلارغا توغرا كېلىدۇ.

## 18. تاشقورغان چىڭ دەۋرى شەھەر ئىزى

بۇ ئىز تاشقورغان ناھىيە تاشقورغان يېزا تاشقورغان بازىرىغا يەنى شەھەرنىڭ 400 مېتىر شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "53 ‒ "75°13′52 بىلەن شىمالىي پاراللېل ′37°47قا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 19 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. بۇ شەھەر قەدىمكى تاشقورغان تاش قەلئەسىنىڭ شەرق تەرىپىگە چاسا شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، قالدۇق سېپىل تېمىنىڭ غەرب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 165 مېتىر، شىمال تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 مېتىر، قېلىنلىقى 2.5 ـ 2 مېتىر كېلىدۇ.

(ئەسكەرتىش: «يىپەك يولى مەدەنىيەت قامۇسى» ناملىق كىتابتا قەشقەردىكى شەھەر خارابىلىرىدىن «阿合图古城»، «石头城»، «盘橐 城» قاتارلىقلارمۇ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردىكى «石头城» بولسا ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە «تاش قەلئە» دەپ تونۇشتۇرۇلغان. قالغان ئىككىسى ھەققىدە مەلۇمات يوق. «يىپەك يولى مەدەنىيەت قامۇسى» دا «阿合图古城» نىڭ ھازىرقى ئورنىنى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا، «盘橐 城» نىڭ ئورنىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ شەھەرلەر ھەققىدىكى مەلۇمات يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئايرىم كۆرسىتىلمىدى ـ ئا).

---

پايدىلانغان مەنبەلەر:


① ئادىل تۇران: «قەشقەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 ـ 2000 ـ يىللىق سانلىرى.

② «يىپەك يولى مەدەنىيەت قامۇسى»، 863 ـ 865 ـ بەتلەر. بېيجىڭ «قىزىل بايراق» نەشرىياتى. 1995 ـ يىل نەشرى.


(ئاپتور قاراقاش ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن)

### كۆيۈنۈش

ئېرى ئاي كۈنى توشۇپ قالغان ئايالىنىڭ ئېگىشىپ پول سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆيۈنگەن ھالدا سورىدى: «خوتۇن، ئەمدى ئىككىمىزلار ئۆي ئىشىنى قىلىۋاتقاندىكىن ھېرىش ھېس قىلمايۋاتقانسىلەر!»

2001

# پۇل بۇلاش ئۈچۈن قاتىللىق قىلغان بالىلار

ۋۇشياڭفەن

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەھەردە، چاڭشا شەھەرلىك مىڭدې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى چېنXX مەكتەپكە بېرىش يولىدا، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كېلىدىغان جەمئىيەتتىكى تۆت بالىنىڭ پىچاق كۆتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىشىغا ئۇچراپ، ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ۋەقە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. ئۇلار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىش ۋە مەكتەپتىن قايتىش يولىدىكى بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

بۇ يىل 16 ياشقا كىرگەن چېن XX نىڭ ئۆيى مەكتەپكە سەل يىراق بولغان ۋۇجيالىڭدا ئىدى، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، مەكتەپتىن ئۇلارنى داۋېيشەن تېغىغا ئويناتقىلى ئەچىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئورنىدىن ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭغان. سائەت 6:40 ئۆتكەندە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، پىيادە شياڭچۈن يولى ئېغىزىغا كەلگەندە، ئەمدىلا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىدىن چىققان تۆت بالا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغانغا ئىككى يۈەن پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلارنى زادىلا تونۇمايدىغان چېنXX مەندە پۇل يوق، دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار چېن XX غا زورلاۋالىدىلىق قىلىشقا باشلىغان. ئېگىز بويلۇق چېن XX مۇ قاراپ تۇرماي قارشىلىق كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قولىغا مېۋە ئاقلايدىغان كىچىك پىچاق ئېلىۋالغان بىرسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالماقچى بولغان. بۇ جەرياندا ھېلىقى بالا پىچاقنى چېن XX نىڭ كۆكرىكىگە تىقىۋەتكەن. يارىلانغان چېنXX شياڭچۈن يولىنى بويلاپ شەرققە قاراپ قېچىپ كەتكەن. تۈرلۈك ماللار دۇكىنى ئاچىدىغان بىرەيلەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇ يۈگۈرۈپ 200 مېتىر يىراقلىقتىكى دېچىڭ خىمىيە سانائىتى زىنىنەتلەش ماتېرىياللىرى دۇكىنى » نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ماڭالماي قېلىپ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالغان. كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن قاتىل ئۇنى بىر مۇنچە ئۇرۇپ تەپكەندىن كېيىن، قىزىل رەڭلىك تاكسىغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتكەن.

دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، چاڭشا شەھىرى كەيفۇ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى شىمالىي ۋۇگىزال يولى ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېڭ زۇڭياۋ نۆۋەتچى ساقچىلارنى باشلاپ دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن نەق مەيداننى ساقلاپ، بىر تەرەپتىن چېن xx نى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان، لېكىن پىچاق چېنXX نىڭ يۈرىكىگە كىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قان كۆپ چىقىپ كېتىپ، دوختۇرخانىغا بارغىچە ئۆلۈپ كەتكەن.

چېن XX نىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا مومىسى بىلەن ئىككى تاغىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. بۇ شۇم خەۋەر چېن XX نىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 66 ياشلىق مومىسى قاتتىق ئازابلىنىپ نەچچە قېتىم ئايلىنىپ كەتكەن. موماي نەچچە كۈنگىچە تاماق يېمەي، كارىۋاتتا بىر ياقتىن ئوكۇل ئۇرغۇزۇپ بىر ياقتىن يۈرىكىنى تۇتۇپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ ياتقان.

يېرىم كۈن سۈرۈشتۈرۈش ۋە نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ساقچى تەرەپ قاتىللارنىڭ بالىلار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇلار شياڭيا يولى بويىدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلاردا، تورخانىلاردا ۋە كىچىك ئاشخانىلاردا كېچىلىرى لاغايلاپ يۈرىدىغان، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان بىر قىسىم ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈشكە باشلىغان ھەمدە ئوقۇشتىن توختاپ قالغان لىيۇXX، لىي XX، تاڭ XX، شاۋ XXقاتارلىق تۆت بالىنىڭ دائىم شياڭيا يولى ئەتراپىدا پىچاق

كۆتۈرۈۋېلىپ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قورقى-
تىپ ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ئېلىۋا-
لىدىغانلىقىدىن ، دېلو يۈز بەرگەن
كۈنى ئەتىگىنى تېخى شىياڭچۈن
يولىدىكى بىر ئېلېكترونلۇق ئو-
يۇنچۇقخانىدا ئېلېكترونلۇق ئويۇن-
چۇق ئوينىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان.
بىراق ساقچىلار ئىزدەپ بارغاندا ئۇ-
لارنىڭ ھېممىسى ئۆيدە يوق بو-
لۇپ چىققان. ساقچى تەرەپ بۇ تۆت
گۇماندارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى
كۆزىتىشنى كۈچەيتكەن. ئۇلار شۇ
كۈنى كەچتە لىي XXئۆيىدىكىلەرگە
تېلېفون بېرىپ ، ئۆزىنىڭ شياڭ-
تەن شەھىرى يۇخۇا رايونىدىكى بىر
دوستىنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ،
ئۆيىگە پۇلغا بارىدىغانلىقىنى ئېيت-
قانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم يىپ
ئۇچىغا ئېرىشكەن. شىمالىي ۋوگ-
زال يولى ساقچىخانىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى دېڭ جىخېڭ بىلەن
سىياسىي يېتەكچى خۇاڭ جۇ دەر-
ھال ساقچىلارنى باشلاپ شياڭتەنگە
يېتىپ كەلگەن ھەمدە شۇ يەردىكى
ساقچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ،
13 ـ چىسلا سەھەردە لى XX ، لىي
XX، شاۋ XXلەرنى قولغا چۈشۈر-
گەن. ساقچىلار ئۇلارنى سوراق
قىلغاندا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېن
XXنى بۇلىغانلىق جىنايىتىنى
ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلغان.
ساقچى تەرەپ ئۇلارنىڭ ئىقرارىغا
ئاساسەن، چېن XX نى ئۆلتۈرگەن
قاتىلنىڭ ليۇ XX ئىكەنلىكىنى
ئېنىقلاپ چىققان. ئۇلار يەنە ئۆز-
لىرىنىڭ ئون نەچچە قېتىم ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ پۇللىرىنى بۇلىغانلىق
جىنايىتىنى ئىقرار قىلغان. ليۇ
XX( 16 ياش ) ، لىي XX ( 17
ياش ) ، شاۋ XX( 16 ياش ) لەرنىڭ
ھېممىسى تېخى قۇرامىغا يەتمى-
گەن. يەنە بىر جىنايەت گۇماندارى
تاڭ XX( 13 ياش ) تېخى قېچىپ
يۈرۈۋاتقان بولۇپ ، ساقچى تەرەپ
ئۇنى داۋاملىق ئىزدەۋاتىدۇ. قالغان
ئۈچەيلەن جىنايى ئىشلار جىنايىتى
بىلەن قانۇن بويىچە تۇتۇپ تۇرۇل-
ماقتا.

( « جۇڭگو ياشلىرى گې-
زىتى » دىن قاھار ئوسمان تەر-
جىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر :
نۇرگۈل كېرەم

---

( بېشى 54 ـ بەتتە ) ئىدىيىسى ،
ھەربىكتىنى يولداش جياڭ زېمىن-
نىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئاسا-
سىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ئۇلار-
نىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرى-
يىسى ، ئاساسىي لۇشيەنى ،
پروگراممىسىنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇش ، ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلى-
قىنى ئۆستۈرۈش قەتئىيلىكىنى
يەنىمۇ كۈچەيتىمىش، « ئۈچكە
ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدى-
يىسىنى يېتەكچى قىلىپ ، ئاپتو-
نوم رايوننى جۇملىدىن ئوبلاستى-
مىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ،
پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە
فائجېنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى
ۋە يولغا قويۇلۇشىنى تۈزۈم ۋە قانۇن
جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا
ئۆز مەسئۇلىيىتىمىنى ئادا قىلىش-
نىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى
چۈشىنىپ يەتتىم.

قىسقىسى، باش شۇجى جياڭ
زېمىننىڭ « 1 ـ ئىيۇل » دا قىلغان
مۇھىم سۆزى بۇنىڭدىن كېيىنكى
بىر مەزگىلدە تۈرلۈك خىزمەتلى-
رىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈ-
رۈشىمىزدە مەشئەل، نۇرلۇق ماياك
بولىدۇ. بۇ سۆز بۇندىن كېيىن
ئىشلىرىمىزغا يېشىل چىراغ ياق-
تۇرۇپ بەردى شۇنداقلا غەربىي را-
يوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن
ئىبارەت ئەۋزەل شارائىت ، ئالدى-
مىزدىكى 10 ـ بەش يىللىق پىلان
نىشانى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىزدى-
نىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ
قانۇن ئارقىلىق قاتتىق تەربىيىلى-
نىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى
ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش
ئۈچۈن ئاساس بولدى.

( ئاپتور باينغولىن ئوب-
لاستلىق خ ق دائىمىي كومىتې-
تىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى )

مەسئۇل مۇھەررىر :
تاھىر ماموت

2011

# ئىتالىيە پارلامېنتىنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرتىپى

ۋەن چىڭگاك

ئىتالىيە پارلامېنت تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت، ئۇ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىدىن تەركىب تاپقان. پارلامېنتنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ھوقۇقى قانۇن چىقىرىش، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، زۇڭتۇڭنى ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسىنى سايلاش، ئۇرۇش ھالىتىگە كىرگەنلىكىنى قارار قىلىشتىن ئىبارەت. ئىتالىيە پارلامېنتىنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

## 1. قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش

ئىتالىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ 71 ـ ماددىسىدا: « ھۆكۈمەت، پارلامېنتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى شۇنىڭدەك ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار بويىچە بۇ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئورگان ۋە ئاپپاراتلار قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە » ، « خەلق تەييارلانغان لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ئەمما، لايىھەنى كەم دېگەندىمۇ 50 مىڭ سايلىغۇچى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى كېرەك. » دەپ بەلگىلەنگەن. ئىككى پالاتا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچى ئورگىنى بولغان دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى ۋە ئەمگەك كومىتېتى قانۇن چىقىرىش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپقا ئاساسەن ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت قانۇنلارنى تۈزۈشكە قاتناشسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك مۇستەقىل يەرلىك پارلامېنتلارمۇ قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.

ھۆكۈمەت بىر ياكى بىر قانچە تارماق ئارقىلىق بىر قانۇن لايىھەسىنى قويىدۇ، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مىنىستىرلار مەجلىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئاندىن جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭىنىڭ تەستىقلىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر قانۇن لايىھەسى يېڭى چىقىم تۈرىگە چېتىلسا، يەنە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاندىن قانۇن لايىھەسى پارلامېنتقا تاپشۇرۇلىدۇ. قانۇن لايىھەسى نۇرغۇن ماددا، تارماق قىلىپ تەييارلىنىدۇ ھەمدە شۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان بىر نۇسخا دوكلات قوشۇمچە قىلىنىدۇ. ئالاھىدە زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت قانۇن كۈچىگە ئىگە جىددىي ماددىلارنى ئېلان قىلسا بولىدۇ. ئەمما، ئەگەر پارلامېنت ئۇلارنى 60 كۈنگىچە قانۇنغا ئايلاندۇرمىسا، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن كۈچتىن قالىدۇ.

پارلامېنتنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسى ھەر قانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە قانۇن لايىھەسى قويسا بولىدۇ، ئەمما دۆلەت خام چوتىغا دائىر مەسىلىلەر بۇنىڭ سىرتىدا. پارلامېنت ئەزالىرى ئۆزى مۇستەقىل ھالدا قانۇن لايىھەسى قويسىمۇ، پارلامېنتنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرلىشىپ قانۇن لايىھەسى قويسىمۇ بولىدۇ. پارلامېنت ئەزالىرى قويغان قانۇن لايىھەسى نۇرغۇن ماددىلارغا بۆلۈنۈشى ھەمدە لايىھەنىڭ ئىزاھاتى قوشۇمچە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك.

ئادەتتە، جامائەتنىڭ قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن 50 مىڭ سايلىغۇچى ئىمزا قويۇشى

كېرەك. بۇنىڭدا ئەمەل قىلىنىدىغان تەرتىپ باشقا قانۇن لايىھىلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ئەمما بۇنداق قانۇن لايىھىسى بىر نۆۋەتلىك پارلامېنتنىڭ ۋاكالەت مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن كۈچىدىن قالمايدۇ.

ئەگەر 500 مىڭ سايلىغۇچى ياكى 5 يەرلىك پارلامېنت تەلەپ قىلسا ھەمدە ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى ئېتىراپ قىلسا، مەلۇم بىر قانۇننى ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن بىكار قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما، بەزى قانۇنلار ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن بىكار قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. مەسىلەن، باج، خام چوت، جازانى كەچۈرۈم قىلىش شۇنىڭدەك خەلقئارا شەرتنامىلەرنى تەستىقلاش قاتارلىق جەھەتتىكى قانۇنلار.

ئاۋام پالاتاسى ۋە پارلامېنتقا سۇنۇلىدىغان قانۇن لايىھىسىنى ئالدى بىلەن ئاۋام پالاتاسى ۋە پارلامېنتنىڭ ھەر قايسى كومىتېتلىرى تەكشۈرۈپ، ئاندىن ئاۋام پالاتاسى ۋە پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇشىغا سۇنىدۇ. ئىتالىيىدە، قانۇن لايىھىسى پارلامېنتنىڭ پىلانى ۋە كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈشى، پارتىيە، تەشكىلات رەئىسلىرى يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان ھەمدە بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتمەي قالسا، پارلامېنت باشلىقى ھۆكۈمەت بىلەن پارتىيە، گۇرۇھلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن قارار چىقىرىدۇ.

## 2. قانۇن لايىھىسىنى قاراپ چىقىش تەرتىپى

ئىتالىيىدە، ئاۋام پالاتاسى ۋە پارلامېنت قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە قاراپ چىققاندا، ھەر قايسى ئۆزى بەلگىلىگەن تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن لايىھىسى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قانۇن لايىھىسى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تەرتىپى بار. ئاۋام پالاتاسى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن لايىھىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پارلامېنت باشلىقى ئالدى بىلەن شۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىشىغا بىۋاسىتە تاپشۇرىدۇ. پارلامېنت ئەزالىرى شەخسەن قويغان قانۇن لايىھىسىنى ئەگەر زۆرۈر بولسا ياكى تەكلىپ بەرگۈچى تەلەپ قىلغان ئەھۋالدا، ئالدى بىلەن شۇ پارلامېنتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە تاپشۇرۇش كېرەك. تەكلىپ بەرگۈچى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرى ۋە سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلسا بولىدۇ. ئەگەر يىغىن پارلامېنت ئەزاسىنىڭ بايانىغا قىزىقمىسا، بۇ قانۇن لايىھىسى ئاقمىغان بولىدۇ ـ دە، پارلامېنت ئۇنى قايتا قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە بولسا، بۇ قانۇن لايىھىسى ئوخشاشلا ئالاقىدار دائىملىق كومىتېتنىڭ مۇزاكىرىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. پارلامېنتتا ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن لايىھىسى بىلەن پارلامېنت ئەزاسىنىڭ تەكلىپىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ، ھەممىسى قوبۇل قىلىنىدۇ ھەمدە مەخسۇس كومىتېتنىڭ مۇزاكىرىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

مەخسۇس كومىتېت پارلامېنتتا تۈرلۈك قانۇن لايىھىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان فۇنكسىيىلىك تارماق ( ياكى ئاساسەن ئىشلارنى قارايدىغان ئورۇن ) . ئىتالىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ 72 ـ ماددىسىدا : « ئاۋام پالاتاسى ۋە پارلامېنتقا سۇنۇلىدىغان ھەر قانداق قانۇن لايىھىسىنى شۇ پالاتا ياكى پارلامېنتنىڭ ئىش قائىدىسى بويىچە ، ئالدى بىلەن كومىتېتلار تەكشۈرىدۇ ، ئاندىن پالاتا تەكشۈرۈپ ماددىمۇ ماددا ماقۇللايدۇ ھەمدە پۈتكۈل قانۇن لايىھىسىنى ئاۋازغا قويىدۇ. » ، « جىددىي دەپ ئېلان قىلىنغان قانۇن لايى-

ھىسسىگە نىسبەتەن، ئىش قائىدىسىدە رەسمىي بەلگىلەپ ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ. »، « ئىش قائىدىسىدە يەنە، ھەر قانداق ئەھۋالدا، قانۇن لايىھىسىنى پارتىيە، گۇرۇھلارنىڭ ئادەم سانىغا قاراپ نىسبەت بويىچە تەشكىللەنگەن كومىتېت ھەتتا دائىملىق كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە تەستىقلىشىغا ھەر قانداق شەكىل بىلەن سۇنۇشقا بولىدۇ. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، قانۇن لايىھىسى تەستىقلىنىشتىن ئىلگىرى، ئەگەر ھۆكۈمەت ياكى شۇ پالاتا ئەزالىرىنىڭ 10/ 1 قىسمى ياكى شۇ كومىتېت ئەزالىرىنىڭ 5/ 1 قىسمى پالاتانىڭ ئۆزىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ۋە ئاۋازغا قويۇشىنى تەلەپ قىلغاندا، ياكى نامىنى ئاتاپ بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاشنى تەلەپ قىلغاندا، قانۇن لايىھىسى شۇ پالاتاغا تاپشۇرۇلىدۇ. » دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ مەشغۇلاتىنى ئاساسىي قانۇن ئاساسىغا ئىگە قىلغان. مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىغا كەلسەك، ئاساسىي قانۇندا ئۈچ خىل ئاساسلىق تەرتىپ بەلگىلەنگەن. بىرىنچىسى، « دائىملىق » تەرتىپ . بۇ ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: مەخسۇس كومىتېتنىڭ ئاساسىي قانۇننى مۇھاكىمە قىلىپ قاراپ چىقىش باسقۇچى بىلەن قانۇن چىقىرىش يىغىنىدا قارار قىلىش باسقۇچى. ئىككىنچىسى، چوقۇم ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش تەرتىپى. بۇ پۈتۈنلەي ئاۋام پالاتاسىنىڭ « قانۇن چىقىرىش » كومىتېتى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ « كېڭەش » كومىتېتىدا بولىدۇ. بۇ تەرتىپتە قاراپ چىقىش باسقۇچى بىلەن قارار قىلىش باسقۇچى بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، خام چوت كومىتېتى بىلەن ئاساسىي قانۇن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى كومىتېت بىرەر تەدبىرنى تەستىقلىمىسا، ئۇ قانۇن چىقىرىش يىغىنىغا قايتۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچىسى، بىر خىل يۇغۇرۇلما تەرتىپ. بۇنىڭدا، قانۇن لايىھىسىنى بىر تەييارلاش كومىتېتى تۈزىدۇ، ئاندىن قانۇن چىقىرىش كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ تەستىقلىشىغا سۇنىدۇ، بۇنىڭدا ھەرگىز تۈزىتىلمە لايىھە قويۇش پۇرسىتى بولمايدۇ. قايسى تەرتىپنى قوللىنىشنى قانۇن چىقىرىش يىغىنىنىڭ رەئىسى قارار قىلىدۇ.

مەخسۇس كومىتېت قاراپ چىققاندىن كېيىن پىكىر دوكلاتى يېزىپ چىقىپ، قانۇن لايىھىسى بىلەن بىرگە پالاتا يىغىنىغا تاپشۇرىدۇ، پالاتا يىغىنى ماددىمۇ ماددا قاراپ چىقىپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، ئاخىرىدا ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللايدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر پالاتاغا تاپشۇرىدۇ. بىر تۈرلۈك قانۇن لايىھىسى كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئاندىن پارلامېنتنىڭ رەسمىي قارارىغا ئايلىنىدۇ؛ ئەگەر بىر پالاتا ئىنكار قىلسا ياكى تۈزىتىش كىرگۈزسە، ئىنكار قىلىش پىكرى ياكى تۈزىتىش پىكرى يەنە بىر پالاتانىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ جەرياندا، مەخسۇس كومىتېت مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: مەخسۇس كومىتېت قانۇن لايىھىسىنى ئايرىم-ئايرىم تۈزىتىپ، تولۇقلىسا، تەستىقلىسا ياكى ئىنكار قىلسا بولىدۇ؛ چۈنكى مەخسۇس كومىتېت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل فۇنكسىيە ۋە رولغا ئىگە. بىرىنچى، مەسلىھەت بېرىش. مەخسۇس كومىتېت قانۇن لايىھىسىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ، ئالاقىدار تەكشۈرۈش، دەلىللەشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بىر نەچچە مەخسۇس كومىتېتقا چېتىلىدىغان قانۇن لايىھىسى ئۈستىدە ئۆز ئارا كېڭەشىشى لازىم. مەخسۇس كومىتېت ئەسلى قانۇن لايىھىسى ئاساسىدا تۈزىتىلمە لايىھىنى قوشۇمچە قىلسا بولىدۇ. ئاخىرىدا قانۇن لايىھىسى ۋە كومىتېتلارنىڭ پىكرىنى پارلامېنت

2001

يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنىدۇ. كومىتېت پارلامېنت يىغىنىغا ئۆز كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرىنى دوكلات قىلىشقا بىر ۋەكىل كۆرسىتىشى كېرەك؛ ئەگەر كومىتېتتا ئوخشاشمىغان پىكىر بولسا، بىرلا ۋاقىتتا، پىكرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى كىشىنى پارلامېنت يىغىنىدا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا تاللاپ ئەۋەتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، كومىتېت ئەمەلىيەتتە خېلى چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولغان بولىدۇ، كومىتېت ھەتتا مەلۇم بىر قانۇن لايىھەسىنىمۇ يوقتا چىقىرىۋېتىپ، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى توسۇۋالالايدۇ. ئىككىنچى، قانۇن چىقىرىش. ئىتالىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ 72 ـ ماددىسىدا: مەخسۇس كومىتېت قانۇن لايىھەسىنى قاراپ چىقىش، مۇزاكىرە قىلىش بىلەن قالماي، شۇ پارلامېنتقا ۋەكالىتەن قانۇن لايىھەسىنى تەستىقلاشقىمۇ ھوقۇقلۇق. مەخسۇس كومىتېت تەستىقلىغان قانۇن لايىھەسىنى پارلامېنت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ياكى تەستىقلىشىغا سۇنۇش ھاجەتسىز. مەخسۇس كومىتېت قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى سۈپىتى بىلەن، قانۇن لايىھەسىنى تەكشۈرگەن ياكى تەستىقلىغاندا، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى بارلىق خادىملار يىغىنغا سىرتتىن قاتنىششقا ھوقۇقلۇق، شۇ پارلامېنتنىڭ بارلىق ئەزالىرىمۇ مۇزاكىرىگە قاتنىششقا، ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى ئەركىن بايان قىلىشقا ھەمدە مۇنازىرىلىشىشكە ھوقۇقلۇق. ئەمما قانۇن لايىھەسىنى ئاۋازغا قويغاندا، پەقەت شۇ مەخسۇس كومىتېتنىڭ ئەزالىرىلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. مۇنداق ئۇسۇلنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى شۇكى، بۇنداق قىلغاندا پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ، ئەمما، بۇنداقتا ھوقۇق بەك مەركەزلىشىپ كېتىپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە سورۇن ھازىرلاپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، مەخسۇس كومىتېتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە چەك قويۇش زۆرۈر، دەپ بەلگىلىگەن. ئاساسىي قانۇندا: ئومۇمەن ئاساسىي قانۇنغا دائىر مەسىلىلەر ۋە سايلام ئۆتكۈزۈش، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بېرىش، خەلقئارا شەرتنامىلەرنى تەستىقلاش، خام چوت ۋە نەق چوتنى تەستىقلاش قاتارلىقلار جەھەتتىكى قانۇن چىقىرىش ئىشىنى مەخسۇس كومىتېت قارار قىلماي بەلكى پارلامېنت يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىشى كېرەك. ئاۋام پالاتاسىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭمۇ باجغا دائىر ئىشلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بولمايدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. مۇشۇنداق چەكلىمىلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مەخسۇس كومىتېت قانۇن چىقىرىشتا يەنىلا ئاساسلىق رول ئوينىغان. 1948 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلغىچە ماقۇللانغان 326 قانۇن (جەمئىي 7781 قانۇندىن ئېلىنغان) نى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، %80 تىن كۆپرەكى پارلامېنت يىغىنىدا ماقۇللانماستىن، بەلكى كومىتېت ماقۇللىغان. ھازىر كومىتېت ماقۇللايدىغان قانۇننىڭ سانى ئازىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، تەخمىنەن %75 قانۇننى يەنىلا كومىتېت ماقۇللايدىكەن. ئۈچىنچى، قانۇن لايىھەسىنى تەييارلاش. گەرچە ئاساسىي قانۇندا بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، ئەمما، پارلامېنت شۇنداق قىلىشنى ئۆزى بەلگىلىگەن. يەنى پارلامېنت يىغىنى مەخسۇس كومىتېت قاراپ چىققان قانۇن لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، پارلامېنت يىغىنىنىڭ بۇ قانۇن لايىھەسىگە باشقىچە پىكرى بولغان، ئەمما ئۇنى كەسكىنلىك بىلەن ئىنكار قىلمىغان بولسا، پارلامېنت يىغىنى بۇ قانۇن لايىھەسىنى كۆپىنچە مەخسۇس كومىتېتقا يېڭىباشتىن بىر قانۇن لايىھەسى تەييارلاش ھەققىدە يوليورۇق بېرىدۇ. تەييارلاش داۋامىدا پارلامېنتنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسى يىغىنغا قاتنىششقا ھەمدە پىكىر بايان قىلىشقا ھو-

قۇقلۇق. مەخسۇس كومىتېت تەييارلىغان يېڭى قانۇن لايىھىسى پارلامېنت يىغىنىغا ئىككىنچى قېتىم سۇنۇلغاندا، چوڭ يىغىندا مۇزاكىرە قىلماي، بىۋاستە ئاۋازغا قويۇپ، ماقۇللىنىپ قالسا، رەسمىي قارار قىلىنىدۇ.

## 3. قانۇن لايىھىسىنى ئاۋازغا قويۇش تەرتىپى

ئىتالىيىدە مەخسۇس كومىتېت تەستىقلايدىغان قانۇن لايىھىلىرىدىن سىرت، باشقا قانۇن لايىھىلىرىنى پارلامېنت يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئاۋازغا قويىدۇ. ھەممە بىر تۈرلۈك قانۇن لايىھىسى ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن قانۇنغا ئايلىنىدۇ. بېلەت تاشلاش 51% تىن كۆپرەك پارلامېنت ئەزاسى قاتناشقان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەلىپى بويىچە، پارلامېنت رەئىسى بۇ ساننى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ. بولمىسا، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا يەتتى دەپ قارىلىدۇ. كېڭەش پالاتاسى «ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش»، «قاتناشقان»غا باراۋەر دەپ قارىسا، ئاۋام پالاتاسى «قاتناشمىدى» دەپ قارايدۇ. ھازىر مەيلى ئاۋام پالاتاسى ياكى كېڭەش پالاتاسىدا بولسۇن، ئادەتتە ئاشكارا ھالدا ئىمزا قويۇپ ئاۋاز بېرىلىدۇ. بۇ ئۇزاق مۇددەت مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئىش قائىدىسىگە كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئىزچىل تۈردە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى، بۇنداق قىلغاندا، بەزى پارلامېنت ئەزالىرى قاراشتا ھۆكۈمەتنى قوللىغاندەك قىلسىمۇ، ئاستىرتتىن قارشى ئاۋاز بېرىدىكەن. نۆۋەتتە مالىيە كىرىم - چىقىم لايىھىسى، خام چوت قانۇنى ۋە بارلىق مالىيە ئەھمىيىتىگە ئىگە قارارلارنى بېلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويغاندا، پارلامېنت ئەزالىرى چوقۇم ئىمزا قويۇپ بېلەت تاشلىشى كېرەك ئىكەن. شەخسىي مەسىلىلەرنى ئاۋازغا قويغاندا ياكى ئاز سانلىقلارنىڭ تەلىپى بويىچە «ۋىجدان»غا چېتىلىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى ياكى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ئورگىنى، سايلام قانۇنىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئاۋازغا قويغاندا، يەنىلا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش قوللىنىلىدىكەن.

ئىمزا قويۇپ بېلەت تاشلاش تۆت خىل ئۇسۇلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىش؛ ئىككىنچى، ئېلېكترونلۇق ئۇسۇلدا ئاۋاز بېرىش، بۇنىڭدا ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى خاتىرىلەش ھاجەتسىز؛ ئۈچىنچى، ئېلېكترونلۇق ئۇسۇلدا ئاۋاز بېرىش، ئەمما، بۇنىڭدا ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى خاتىرىلىنىدۇ؛ تۆتىنچى، ئىسىملىككە ئاساسەن، ئۆزى تاشلىغان بېلەت نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش (بۇ پەقەت ھۆكۈمەتكە ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك تەكلىپىنى ئاۋازغا قويغاندا قوللىنىلىدۇ). يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىشتە ئېلېكترونلۇق ئۇسۇلنى قوللىنىشقىمۇ، سايلام بېلىتىنى تولدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدىكەن.

